شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

2009·1



# بۇلاق

BULAK

源泉(布拉克) ◎ BULAK

ISSN 1005-0876
02>
9 771005 087006

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



هافىز شىرازىي دىۋانىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

30 - يىل نەشرى
ئومۇمىي 124 - سان



## تىۋىپلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بابىدا

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇلاردىن بۆلەكنۇ نەچچە گۇرۇھ بار،
كۆرەرسەن بىلسەڭدە، ھەرقەدە كۆپ بار.
ئۇلاردىن بىرىسى تىۋىپلار ئېرۇر،
پۈتۈن دەرت-كېسەلگە داۋالار قىلۇر.
يەنە بىر كېرەكلىك ساڭا بۇ كىشى،
ئوڭشالماس ئۇنىڭسىز تىرىكلىك ئىشى.

تىرىك بولسا ئادەم ئۇ كېسەل بولۇر،
تىۋىپلار كېسەلگە داۋالار قىلۇر.
كېسەللىك كىشىچۈن ئۆلۈم قولدىشى،
كىشىگە ئۆلۈم بار ھايات ئوخشىشى.
ئۇلارنى سەن ياخشى كۆرۈپ، تۇت يېقىن،
ئۇلاردۇر كېرەكلىك، ئۇزەت سەن ھەقىن.

خەتتات: ئابلىمىت نۇرمان

# بۇلاق

2009 ـ يىللىق 1 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن  مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«دىۋانى شاھىي»دىن ............ سۇلتان مەسئۇد مىرزا شاھىي (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت ئۇدمىش

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«تەزكىرەتۇش ـ شۇئەرا»دىن ............ دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي (20)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۈسۈپ ئىگەمبەردى

### بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن ............ (25)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىدرىس تۇرنىياز كۆكيار، تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

### مەشھۇر كلاسسىكلار

ھىجران سېلى ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈك ............ نۇرباي ئابدۇلھەكىم (29)
ئۆزبېكچىدىن ئاغدۇرغۇچى: ئابلەت ئابدۇقادىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مەشھۇر ئەسەرلەر

دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ھەققىدە سۆز ............ بۆرىباي ئەھمەدوف (41)
ئۆزبېكچىدىن ئاغدۇرغۇچى: يۈسۈپ ئىگەمبەردى
«يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» داستانى توغرىسىدا ............ ساۋۇت موللاۋۇتوف (45)

## تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى قوش ئىسىملىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ............ رازىيە نۇرى (52)
«دىۋان»دىكى «ئۇيغۇر» ئاتالمىسىغا ئېنىقلىما ............ نۇسرەت تۇردى، ئابلىز ئورخۇن (63)

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

شەرق ئەدەبىي گۈللىنىش مەزگىلىدىكى گۇمانىزم ئەدەبىياتى ھەققىدە ............ ئالىمجان ھەسەن (68)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ھېكايەتى داراب شاھ ئىرانىي، سەلمان شاھ ۋە قەمەرچېھرە ............ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ (75)
ئالتۇن تاجلىق خوراز ............ توپلاپ رەتلىگۈچى: راجىھ ئابدۇرشىت ئىبراھىم (89)
لوپنۇر قوشاقلىرى ............ توپلاپ رەتلىگۈچى: مويدىن سايىت بوستان (105)
ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىدىن ............ توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇلئەزىز مەسۇم لاۋارىي (109)

※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: يېتىلگەن چاغلار (پەرھات ئىبراھىم سىزغان)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالىي، ئابلىمىت ئوسمان

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)

# «دىۋانى شاھى»دىن

سۇلتان مەسئۇد مىرزا شاھىي

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت ئۇدمىش

مۇھەررىردىن: شاھىي دىۋانى ھەققىدە ئاتاقلىق تۈركولوگ يانۇس ئېكمان ئەپەندى 1970 ـ ۋە 1971 ـ يىللىرى مەلۇمات بېرىپ، لوندوندىكى ھىندىستان كىتابلىرى بۆلۈمىدە بۇ دىۋاننىڭ ئىككى پارچە قوليازمىسى ساقلىنىۋاتقانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان.

يانۇس ئېكماننىڭ بەرگەن ئۇچۇرىدىن مەلۇم بولۇشچە، بۇ قوليازمىنىڭ بىرى Tuki Ms 23 نومۇرلۇق قوليازما، يەنە بىرى Tuki Ms 25 نومۇرلۇق قوليازمىدىن ئىبارەت. Tuki Ms 23 نومۇرلۇق قوليازما ھىجرىيە 1157 ـ يىلى رەجەب ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى (مىلادىيە 1745 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى) ھىندىستاندا ئەبدۇلكەرىم ناملىق كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. Tuki Ms 25 نومۇرلۇق قوليازما ھىجرىيە 1190 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 26 ـ كۈنى (مىلادىيە 1776 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى) ھايات ئەلى ناملىق كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن.

«دىۋان شاھىي» دا 152 غەزەل، بىر تەرجىئىبەند، 37 رۇبائىي ۋە 18 فەرد بار ئىكەن.

شاھىي تەخەللۇسلۇق بۇ شائىرنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە پروفېسسور، دوكتور يانۇس ئېكمان كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش ئارقىلىق مۇنداق يەكۈن چىقارغان: «سۇلتان مەسئۇد مىرزا (مىلادىيە 1494 ـ يىلى) سەمەرقەندتە ئالتە ئاي سەلتەنەت سۈرگەن سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى.» «ئۇ بىر چاغاتايچە ۋە بىر پارسچە دىۋان تۈزگەن؛ چاغاتايچە دىۋانىدا ‹شاھىي›، پارسچە دىۋانىدا ‹ئارىفىي› دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان.» « مەسئۇد مىرزا ھىجرىيە 912 ـ (مىلادىيە 1506 ـ ) يىلى بابۇر بىلەن كۆرۈشتى. بۇنىڭدىن قىسقىغىنا بىر مۇددەتتىن كېيىن (مىلادىيە 1507 ـ يىلى) ئۆزبەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.»①

شاھىي شېئىرلىرى ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە بەدىئىي سەنئەت جەھەتتە پىشقان، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بەدىئىي مىراسلاردىن بىرى بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. پروفېسسور، دوكتور يانۇس ئېكمان شاھىينىڭ بىر تۈركۈم غەزەللىرى ۋە تۆت رۇبائىيسىنى نەشرگە تەييارلاپ «تۈرك تىلى تەتقىقاتلىرىنىڭ يىللىق توپلىمى 1970 (1971)» ناملىق مەجمۇئەدە تونۇشتۇرغان. بۇ ئىلمىي ئەمگەك يانۇس ئېكماننىڭ پروفېسسور، دوكتور ئوسمان فىكرى سېرتكايا تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «خارەزم، قىپچاق ۋە چاغاتاي تۈركچىسى ھەققىدە تەتقىقاتچىلار» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. شاھىينىڭ بۇ شېئىرلىرى مۇشۇ مەنبە ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىنىپ ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سونۇلدى.

---

① يانۇس ئېكمان: « خارەزم، قىپچاق ۋە چاغاتاي تۈركچىسى ھەققىدە تەتقىقاتلار» (ئوسمان فىكرى سېرتكايا نەشرگە تەييارلىغان)، ئەنقەرە 2003 ـ يىلى نەشرى، 288، 289، 290 ـ بەتلەر.

# غەزەللەر

نە سۇرەتگەردۇر ئۇلكىم، سۇنئ كىلكىدىن قىلۇر ئىنشا،
ئەدەم شەھرى نىگارىستانىدىن يۈز سۇرەتى زىبا.
ئۇلۇس ئۇشبۇ نە ئەتمىش خۇب سۇرەت ئادەمىيلەرنى!
زۇھۇر ئەيلەپ بۇ سۇرەتلەردە ھۇسنىدىن سالۇر غەۋغا.
نىشاندۇر شادۇ نۇنۇ ئەين خوبلار، كۆر، ۋەفاسىدىن،
بارىن دىباچەئى ھۇسن ئۇزرە قىلمىش سۇنئىدىن ئىنشا.
ئانىڭ ھۇسنىگە كۆزگۇ بولدى شىرىن بىرلە لەيلىكىم،
بىرەۋ دەر مۇنچە ۋا ۋەيلى، بىرەۋ دەر مۇنچە ۋا ۋەيلا.
قارا كۆزلەر سەۋادى زۇلفىن ئانداق مۇشكبار ئەيلەر،
كى ھەر تارى بولۇر ئاشۇفتەلەرغە شەتتەئى سەۋدا.
قىلۇر ئاشۇفتەلەرنى ھەم بىرەۋنى ئانچە سەۋدايى،
كى سەۋدا ئەيلەمەس دىدار ئىلە يۈز جەننەتۇل ـ مەئۋا.
سىرىشكىمدىن ئاقا دەريايى رەھمەت مەۋج ئۇرۇر بولسا،
ئەجەب يوقكىم بولۇر ئاشۇبلۇق يامغۇر كۇنى دەريا.
كەلامىكىم ئىبرۇر مۇئجىز نىزام ئول نامەدۇر، شاھىي،
كى بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم ئولمىش ئاڭا تۇغرا.
تىكەندەك لال ئىدىڭ گۇلزارى ھەمدىدىن بىھەمدىللاھ،
تىلىم گويا بولۇپدۇر، دەۋلەتى شاھىي بۇدۇر گويا.

*

ئەي كۆڭۈل، گەر ئىشق تەركىن قىلدىڭ، ئىزھار ئەيلەمە،
خەلقنى زىنھار ھالىڭدىن خەبەردار ئەيلەمە !
ئەي كۆز، ئول ئاي نۇرىدىن قىلدىڭ ئىسە قەتئى نەزەر،
يۈزۈڭە ھەر لەھزە ئەشكىڭد نەمۇدار ئەيلەمە !
ئىشقدىن، ئەي جان، ئەگەر كەچتىڭ، يانا مۇندىن نارى
ئۆزگە ئاي ئىشقىغە ئۆزۈڭنى گىرىفتار ئەيلەمە !
ئەي باشىم، سەركەشلىك ئەتتىڭ ئول پەرى سەۋداسىدىن
كەچمە ئاندىن بىر يولى، سەۋدانى يەكبار ئەيلەمە !
ئەي تەنى خاكى غۇبارىڭ چىقتى ئەرسە كويىدىن،
دەھرنى ئاھى غۇبار ئالۇد ئىلە تار ئەيلەمە !
ئىشق گۇفتۇ گۇيىدىن، ئەي تىل، ناغۇ بەس ئەيلەدىڭ؟
كىم سېنى مەنئ ئەيلەدى؟ تەركى بۇ گۇفتار ئەيلەمە !

گەر بۇلاردىن ھەر بىرى زاھىر قىلۇر نەۋمىدلىق
شاھىيا، نەۋمىدلىق سەن بارى ئىزھار ئەيلەمە!

*

كۆڭلۈمە خەيلى خەيالىڭ بەس ۋىسالىڭ بولماسا،
كۆزدە نەقش ئەيلەي يۈزۈڭنى، گەر جەمالىڭ بولماسا.
قامەتىڭ شەۋقى ئەلىفدەك بولسا جان ئىچرە يېتەر،
جىلۋەگەر كۆز ئالىدا نەۋرەس نىھالىڭ بولماسا.
ساغىنىپ لەئلى لەبىڭنى بەس دۇرۇر ھەسرەت سۇيى،
تەشنە لەب كۆڭلۈمگە، گەر رەۋشەن زۇلالىڭ بولماسا.
تىرناغىم زەخمى ئېزۇر كۆكسۇمگە قاشىڭ شەۋقىدىن،
ئاڭا بىر نەززارە بەس، نازۇك نىھالىڭ بولماسا.
ھەجىر شامى ساغىنىپ يۈزۈڭنى، ئايغە كۆز سالاي،
ۋەسل سۇبھى ئافتابى بىزەۋالىڭ بولماسا.
كۆيدۇرۇرمەن شەۋقىدىن كۆڭلۈم ئار بىر تازە داغ،
كۆزلەرىم ئۇترۇسىدا گەر تۇرفە ھالىڭ بولماسا.
شاد ئېرۇر شاھىي خەيالىڭ بىرلە ھەر نەۋئىكى بار،
نېتكەي ئول بىر كۈن، مەئازەللاھ، خەيالىڭ بولماسا.

*

سېنى دېدىم مەنى دىلخەستە تەركى خانۇمان ئەيلەپ،
نە تەركى خانۇمانكىم تەركى ئەھلۇ ھۇشۇ جان ئەيلەپ.
سېنىڭ يولۇڭدا قويدۇم قان بىلەن كۆڭلۈمنى، رەھم ئەتكىل،
يېتىشمە جانىمە، ئەي تۈند خۇ، كۆڭلۈمنى قان ئەيلەپ.
نە بىلدىم، ئىشق ئارا كەلگۇسىدۇر كۆڭلۈمدە يۈز مۈشكىل،
غەمى ئىشقىڭنى قىلدىم ئىختىيار ئاخىر گۇمان ئەيلەپ.
نىھان تۇتتۇم غەمى ئىشقىڭنى ئەلدىن، ئاشكار ئۇلدى،
كى بولماس ئىشق دەردىن، ئەي كۆڭۈل، ئەلدىن نىھان ئەيلەپ.
دەۋا مەن خەستەگە ئۇلمەكدىن ئۆزگە يوقتۇرۇر، شاھىي،
كى سورماس ئول مەسىھا مۇبتەلاسىن ناتەۋان ئەيلەپ.

*

بولدى، ئەي گۈل، نەۋبەھار ئەييامىۋۇ گۈلزار خۇب،
ۋەھكى، بۇ مەۋسۇمدە ھەر بوستان ئېرۇر بىسيار خۇب.
نالەنى بەس قىلمادى بۇلبۇل كۆرۈپ گۈل جىلۋەسىن،
كىم كۆرۈنۇر ئىشق ئەھلىدىن فىغانى زار خۇب.

سەرۋىنىڭ رۇخسارى يوق، گۇلنىڭ قەدى، ۋەھكىم ئېرۇر
سەرۋى گۇلرۇيۇمدا ھەم قەد خۇبۇ ھەم رەفتار خۇب.
ئۆزگەلەر ۋەسفىن ماڭا كۆپ قىلماغىل، ئەي ھەمنىشىن،
دېمەگىل ئاللىمدا ئاندىن ئۆزگەنى زىنھار خۇب!
خۇب بولسا ئۆزگەلەردىن، نە ئەجەب، شاھىي سۆزى،
چۇن سېنىڭ ۋەسفىڭ قىلۇر، بولغاي سۆزى ناچار خۇب.

*

يا رەب، ئەتمە ۋەسل تۇتغۇنچە ماڭا فۇرقەت نەسىب،
ئەيشۇ ئىشرەت بولغۇچە ئەندۇھ ئىلە مېھنەت نەسىب.
بولمىشام ئانداق فىراقىڭ دەردىدىن بىمارمەن،
ۋەسل ئىلە ھەم بولغۇسى يوقتۇر ماڭا سىھھەت نەسىب.
ئايرىلىپ مەندىن دەۋا كۆرمەك يوق ئۆز شەھرىم ئارا.
ناتەۋان كۆڭلۈمگە بولغاي مېھنەتى غۇربەن نەسىب.
ھەجر ئانداق ناتەۋان قىلدى مېنىكىم، ھەجر ئارا،
مەندىن ئاسارى تاپىلماس بولغۇچە ۋۇسلەت نەسىب.
ئاندىن ئايرىلماقغە بائىس بولدى بىدەۋلەتلىغىم،
ئاللىدە تاپار ئىدىم، تا بار ئىدى دەۋلەت نەسىب.
باردۇر ئول ئاي ئىشقىدىن شاھىيگە نەۋئى ھالەتى،
ئىستەدىمكىم بولماسۇن ھېچكىمگە ئول ھالەت نەسىب.

*

غەمىڭ شەرھىن ساڭا ئەيلەي ھىكايەت
كى ھۇسنۇڭدەك ئاڭا يوقتۇر نىھايەت.
ئەگەر بارساڭ ئىنايەت كۆزى بىرلە،
مېنىڭ سارى، ئېرۇر ئەينى ئىنايەت.
نېچۈك مەيل ئەتمەگەي كۆڭلۈم قەدىغە،
كى رەئنا قەددى دىلكەشدۇر بەغايەت.
نە ھاجەت قەتلىم ئۇچۇن تىغ چەكمەك،
كى بىر غەمزە ئېرۇر سەندىن كىفايەت.
فىغانۇ نالەدىن نې سۇد، شاھىي،
كى تاشدەك كۆڭلىگە قىلماس سىرايەت.

*

قايسى گۇلشەن گۇللارى گۇلبەرگى خەندانىڭچە بار؟
قايسى بوستان سەرۋى ھەم سەرۋى خىرامانىڭچە بار؟

بولائالماس ياڭى ئاي مۇشكىن ھىلالىڭ بىرلە تەڭ،
مېھرى رەخشان ئول قاچان مېھرى دۇرۇخشانىڭچە بار؟
ھەرنى دەردىكىم فەلەكدىن كەلسە مۇڭلۇغ جانىمە،
دېسە بولغايمۇ ئانىكىم دەردى ھىجرانىڭچە بار؟
بارما دەپ خۇبلار سارى نېگە كۆڭۈل بەس قىلمادىم؟
ھەر سارىكىم بارساڭ ئەمدى بارائالغانىڭچە بار!
دېمەكىم، شاھىي، سۇخەندان ئەردى خۇسرەۋ دەھر ئارا
قايسى بىر خۇسرەۋ سېنىڭ شاھى سۇخەندانىڭچە بار!

*

لەبلەرىدىن چۇنكى كامى دىل ماڭا ھاسىل ئەمەس،
ئەي كۆڭۈل، قان يۇتكى ھاسىل غەيرى خۇنى دىل ئەمەس.
مەيل قىلماسلار كۆڭۈل ئالماقتا خۇبلار، يوق ئېسە،
ئانداق ئېرمەسكىم ئالار سارى كۆڭۈل مايىل ئەمەس.
يار ئۇچۇن جان تەركىن ئەتسەم، قىلما ھەيرەت، ئەي رەفىق!
نېچەكىم ئاسان ساڭا ئېرمەس، ماڭا مۇشكىل ئەمەس.
ناسىھا، ئاندىن ئۆتۈپدۇر تەلبە كۆڭلۈمنىڭ ئىشى
كىم نەسىھەت قىلغاسەن، تەرك ئەيلەكىم قابىل ئەمەس.
ئەيلەيىن دەرمەن سېنى ئاگاھ كۆڭلۈم ھالىدىن،
ئاھكىم سەندىن رەقىبىڭ بىر زەمان غافىل ئەمەس.
ۋەھيى نازىل بولدىكىم پەيغام كەلدى ياردىن،
يوقسە ئول پەيغام نەدۇر، ۋەھيى ئەگەر نازىل ئەمەس.
تەلبەرەپ شاھىي تۇتۇپتۇر ۋەھش ئىلە سەھرادا ئۇنس،
ئەمدى ئول دىۋانە ئىنسان خەيلىغە داخىل ئەمەس.

*

ئولكىم ئانى يار ساغىندىم، ماڭا ئەغيار ئېمىش،
قىسمەتىم ئاندىن تەرەھھۇم ئورنىغە ئازار ئېمىش.
بولغالى ئاشىق زەمانى غەمدىن ئازاد ئولمادىم،
ئىشقنى ئاسان گۇمان قىلدىم، ۋەلې دۇشۋار ئېمىش.
ئاندىن ئەل خۇشھالۇ مەن ئازۇردە نىشى غەم بىلە،
ئۆزگەلەرگە گۇل، ۋەلېكىن بىزگە يەتكەچ خار ئېمىش.
كۆڭلۈم ئەھۋالىن بىلەي دەپ ئەيلەدى كۆكسۈمنى چاك،
ھەجر تىغى بىرلە ئول خۇد سەر بەسەر ئەفگار ئېمىش.
بولماسۇنمۇ ئول ۋەفاسىزدىن ماڭا نەۋمىدلىق،
كىم ئانىڭدەك ماڭا كەم، مەندەك ساڭا بىسيار ئېمىش.
ئۆزگە سارى بار ئېمىش تىرى قەزادەك راست رەۋ،

بۇ سارى مەيل ئەتسە قەددى، سەرۋى كەجرەفتار ئېمىش.
قىلماغاي ئېردىم خەيالى ئىشق، شاھىي، كاشكى،
بىلمەدىمكىم ئىشق ئارا مۇنداق بەلالار بار ئېمىش.

*

كۆڭۈل ھەمىشە تىلەر يار بىرلە سۆھبەتى خاس،
كى فەھم قىلماغاي ئەل، زاھىر ئەيلەسەم سوزى خاس.
فىغانكى كىرمەدى ئىلكىمگە گەۋھەرى مەقسۇد،
نېچەكى بولدى كۆڭۈل بەھرى ئىشق ئارا غەۋۋاس.
نېچە كۆرەي مەنى دىلخەستە دەردۇ غەم ئانسىز،
ئەجەل، كېلىپ مېنى بۇ دەردۇ غەمدىن ئەيلە خەلاس!
نېچە جەفا قىلۇر ئول خۇب رو ماڭا، بىلمەن،
مەگەركى مۇنداق ئېرۇر بارچە خۇبلارغە ھەۋاس.
مۇيەسسەر ئولغۇسى يوق ماڭا، شاھىيا، يوقسە،
كۆڭۈل ھەمىشە تىلەر يار بىرلە سۆھبەتى خاس.

*

ساچىڭ كۇفرىكى ئەيلەر كىشۋەرى دىن ئىچرە ۋەيرانلىغ،
خۇدانى ياد قىلكىم، ھەددىن ئاشتى نامۇسۇلمانلىغ.
قىلۇر ھەيرەت كۆڭۈل ھەيرانلىغىمغە چۇن يۈزۈڭ كۆرسەم،
ئەجەب ھالىكى بار ھەيرانلىغ ئۆزرە مۇنچە ھەيرانلىغ.
يىغىشتۇرغىل يۈزۈڭ ئۆزرە پەرىشان زۇلفىنى، يوقسە
كى ھەددىن ئۆتكۇسى ئاشۇفتە كۆڭلۈمگە پەرىشانلىغ.
جەفا ئاندىن ماڭا ئەلنىڭ ۋەفاسىدىن ئېرۇر ياخشى،
ئەگەر جەۋرىدىن ئەفغان ئەيلەسەم، بار ئەسرۇ نادانلىغ.
ئەجەب ئېرمەس، ئەگەر ئىشقىدا تەركى سەلتەنەت قىلسام،
كى كويىدا گەدا بولماق ئېرۇر شاھىيغە سۇلتانلىغ.

*

يار بارىپ قويدى ساڭا داغى فۇرقەت، ئەي رەفىق،
كۆڭلۈمە كار ئەتمەسۇنمۇ دەردى غۇربەت، ئەي رەفىق؟
نالە قىلسام، تاڭ ئەمەس، چۇن جان بىلە كۆڭلۈمدەدۇر
يۈز تۈمەن ئەندۇھۇ غۇسسە، دەردۇ مىھنەت، ئەي رەفىق.
ۋەھ، نە ھالەتدۇر ماڭاكىم، ئول مەھى نا مېھرىبان
نېچە جەۋر ئەتكەن سايى دەي: ئاز بار مىھنەت، ئەي رەفىق!
ئۆلگەلى يەتسە ئىشىم، ئاندىن مۇرۇۋۋەت ئاڭلامان،

بارچە خۇبلار بار ئىكەنمۇ بىمۇرۇۋۋەت، ئەي رەفىق؟
لەھزەئى بىدەرد ئەمەس مەن ئىشق ئىچرە، گويىيا
كىم ئەزەلدىن دەرد كەلدى ماڭا قىسمەت، ئەي رەفىق.
ئىستەمە غەمكىن كۆڭۈلنى ئىشرەت ئابادىڭغەكىم،
خۇشتۇرۇر غەمكىنلىق ئاڭا، ساڭا ئىشرەت، ئەي رەفىق.
بىۋەفالىق گەر بۇدۇركىم كۆردى شاھىيدىن خەتا،
پەند ئىشىتكىل، تۇتما ھېچ كىم بىرلە ئۇلفەت، ئەي رەفىق.

*

ھەجر دەردىغە سەنەملەر ۋەسل ئىلە دەرمان قىلىلىڭ،
يوقسە سىز ھەم بىر يولى ئەندىشەئى ھىجران قىلىلىڭ.
ۋەسل تەرھىن ئەيلەڭىز بۇ دۇنيادا ئىشق ئەھلى ئۈچۈن
يەر يۈزىدىن ھەجرنىڭ مەئمۇرەسىن ۋەيران قىلىلىڭ.
ئەھلى دىل سىزلەرگە زار ئولدى، ئالارغا رەھم ئېتىپ،
ئەيلەڭىز دىلدارلىق، يوق ئېرسە، قەسدى جان قىلىلىڭ.
زۇلفىڭىز سەۋداسى بىرلەن يۈز مېنىڭدەك تەلبەنى
ھەر زەمان ئاشۇفتەلىغدىن بىسەرۇ سامان قىلىلىڭ.
نېچە ھىجران مېھنەتىدىن مۇشكىل ئولغاي نېچە ئىش،
تىغى كىن تارتىپ بارى بۇ مۇشكىلىن ئاسان قىلىلىڭ.
چۈن [ قىلىپسىز ] ئانى دەردى ئىشقىڭىزدىن بىنەۋا،
بىنەۋالارغە زەكاتى ھۇسن ئۈچۈن ئېھسان قىلىلىڭ.
ھەمدەمى يوق شاھىينىڭ ھالىن دېمەككە يارغە،
تا ئۆزى فەھم ئەيلەگەي، جانۇ كۆڭۈل، ئەفغان قىلىلىڭ.

*

دەم ئۇرارسەن مېھرىدىن، مېھرىڭ يوق، ئەي جانىم مېنىڭ،
نېچە يالغان دېگەسەن، ئەي ئەھدى يالغانىم مېنىڭ!
ئاڭلابان كۆڭلۈم نىيازىن بىت ماڭا، ئەي سەرۋى ناز،
كىم يولۇڭدا ئىنتىزار ئېتەر ھەزىن جانىم مېنىڭ!
فۇرقەتىڭدە كۆز ياشىم بىرلەن ئېرۇر يۇمرۇلغۇدەك
باشىم ئۆزرە [ توڭتارىلغاي ] بەيتى ئەھزانىم مېنىڭ.
بەسكى زۇلفۇڭ مۇبتەلاسى بولدى كۆڭلۈم، بىلمەدىم،
تا نە بولغاي ئاقىبەت ھالى پەرىشانىم مېنىڭ.
ئەي زۇلالى ۋەسل تەسكىنىن ماڭا بەر، يوق ئېسە،
كۆيدۇرۇر جانۇ كۆڭۈلنى سوزى ھىجرانىم مېنىڭ.
ئۇل مەلاھەت سۈيىكىم خوبلۇقدىن سەندەدۇرۇر،
مەن قۇلۇڭ، سەن كېشۋەرى ھۇسن ئىچرە سۇلتانىم مېنىڭ.

شاھىيا، ھالىمنى ئۇل ئايدىن ياشۇرماغلىق نەدۇر،
ئەمدىكىم دەردىمنى زاھىر قىلدى ئەفغانىم مېنىڭ.

*

تىرىبارانى فىراقىڭدىن ئەگەر بولسام ھەلاك،
نې ئەجەب، ئەي قاشى ياكىم، باردۇر ئەسرۇ سەھمناك.
مەرھەمى ۋەسلىڭنى ئىستەرمەنكى، ھىجران تىغىدىن
خەستە كۆڭلۈم پارە ـ پارە بولدى، كۆكسۈم چاك ـ چاك.
چارە قىلماقغە مېنىڭ دەردىمغە ئەفرا، ئەي تەبىب،
رەھم ئېتىپ بىر دارۇيى بەرگىلكى، بولغايمەن ھەلاك.
شەرھ ئېتە ئالماي نې دەي سەنسىزكى مىھنەت كويىدە
ئەيلەدى ئاخىر لەكەدكۇبى غەمىڭ جىسمىمنى خاك.
دۇشمەن ئولدى ئالەمى ئىشقىدە، ئەي شاھىي، ماڭا،
بولسە ئۇل نامىھرىبان گەر، دوست ـ دۇشمەندىن نې باك.

*

شامى ھىجرانىمدۇر ئۇلكىم ئىنتىھاسى يوق ئانىڭ،
سۇبھى ۋەسلىم دەم ئۇرارغە مۇددەئاسى يوق ئانىڭ.
ھەجر دەردى بىرلە يىتكەي مەن كەبى غەم دىيدەئى،
ۋەھكى بىر مۇھلىك غەمىدۇركىم دەۋاسى يوق ئانىڭ
گۇلبۇن ئۇزرە ئۇل سىھى قەد شەۋقىدىن يۇز داغۇ دەرد
زاھىر ئولدى ھەر تەرەف، لېكىن قاراسى يوق ئانىڭ.
بولمايىنمۇ مۇبتەلا ئۇل دىلرەباغە، ئەي كۆڭۈل،
يوق دېمەكىم جانىمە يۇزمىڭ بەلاسى يوق ئانىڭ.
ھېچ بىلگەي، شاھىيا، ئۇل پادىشاھى مۇلكى ھۇسن،
كىم مېنىڭدەك بىر گەدايى بىنەۋاسى يوق ئانىڭ.

*

جانىمىزغە، ئەي فەلەك، تۆزمەك جەفامۇ قىلمادىڭ،
كۆڭلۈمىزنى يۇز بەلاغە مۇبتەلامۇ قىلمادىڭ؟
ئەتمەدىڭمۇ ئەلگە رەۋشەن سۇبھىدەك ئىشرەت كۇنىن،
غەم تۇنىدەك روزگارىمنى قارامۇ قىلمادىڭ؟
گەر ۋەفا يوقتۇر دېسەم ساڭا، تەئەججۇب قىلماكىم،
مىھرىبان يارىمنى ئاخىر بىۋەفامۇ قىلمادىڭ؟
ئەيشۇ ئىشرەتدىن مېنى بىگانە ئەيلەپ زۇلم ئىلە،
مىھنەتۇ غەم خەيلى بىرلە ئاشنامۇ قىلمادىڭ؟
ئەيلەسەم ھەر لەھزە سەندىن شىكۋە، نې قىلدىم دېمە،
يارنى مەندىن، مېنى ئاندىن جۇدامۇ قىلمادىڭ؟

نېكى سەندىن ياخشىلىق قىلدىم تەمەننا، ئەي سىپېھر،
يۈز يامانلىقلار بىلەن ئانى ئەدامۇ قىلمادىڭ؟
بۇ بەقاسىز ئالەمى فانىي غەمىدىن شاھىدەك،
ناتەۋان فەرسۇدە جىسمىمنى فەنامۇ قىلمادىڭ؟

*

ياد كىم قىلغاي مېنى، گەر سەن مېنى ياد ئەتمەسەڭ،
شاد كىم قىلغاي ھەزىن كۆڭلۈمنى سەن شاد ئەتمەسەڭ؟
ھەجر ئارا يۈز قويىدى ۋەيرانلىق ئارا كۆڭلۈم ئۆيى،
ئاھ، ئەگەر سەن ۋەسل بۇنيادىدىن ئاباد ئەتمەسەڭ.
بەھر تاپقايمەن ۋىسالىڭ مەزرەئىدىن، ئەي كۆڭۈل،
ھەجرىڭ ئىلە گەر ھەزىن ئۆمرۈمنى بەرباد ئەتمەسەڭ.
ئىشق ئارا مەھزۇن كۆڭۈلگە يەتكەي ئېردى شادلىق،
ھەر زەمان غەم تەرھىنى كۆڭلۈمگە بۇنياد ئەتمەسەڭ.
ھۆسن ئەھلى بولغاي ئېردىلەرمۇ ھەرگىز بىۋەفا،
گەر ئالارغە سەن ۋەفاسىزلىقنى ئىرشاد ئەتمەسەڭ؟
مېھرىبانىي يوق كۆڭۈل دەردىم ئاڭا شەرھ ئەتكەلى،
بەس قاچان فەھم ئەيلەگەي ھالىمنى، فەرياد ئەتمەسەڭ.
ھەر نېچە خۇسرەۋ ئېسەڭ، رەھم ئەتمەس ئول شىرىن زەبان،
گەر ئۆزۈڭنى، شاھىيا، ئىشق ئىچرە فەرھاد ئەتمەسەڭ.

*

زۇلفىنى كۆرگەچ كۆڭۈل بولدى گىرىفتارى ئانىڭ،
كىم بەلايى كەلدى بىدىللەرگە ھەر تارى ئانىڭ.
ھازىر ئەيلەر، ئەي كۆڭۈل، سەن سىررىنى ھەر نۆكتەدىن،
گەر تەكەللۇم ئەيلەسە لەئلى شەگەر بارى ئانىڭ.
نېچە مېھر ئۇلسە كۆڭۈلگە، باردۇرۇز نامېھرىبان،
ئەي خۇش ئۇلكىم، مېھرىبانلىغ قىلسە دىلدارى ئانىڭ.
ئىشقدىن دەردۇ غەمى يەتسە كۆڭۈلگە غەم ئەمەس،
يار ئېسە ئول دىلرەبادەك يارۇ غەمخارى ئانىڭ.
گەرچە باردى ئول سەھى قەد كۆزۈم ئاللىدىن، ۋەلې،
بارمادى جانۇ كۆڭۈلدىن شەۋقۇ رەفتارى ئانىڭ.

*

مەزرەئى ۋەسلىدىن ئىستەپ دانەئى ھەيران كۆڭۈل،
بولدى مېھنەت دامىغە پابەستەئى ھىجران كۆڭۈل.

شاھراھى ھەجر ئارا ئىشق ئەھلىدىن باشلار ئۇچۇن،
مەشئەلىيدۇر تىرە ھىجران شامىدا سوزان كۆڭۈل.
ئىتلارىدىن خەيربادىي ئىستەسەم، يوق ئەيبكىم،
خانۇمانىم قىلغۇدەكدۇر گويىيا ۋەيران كۆڭۈل.
بىلمەيىن ئەۋۋارە قىلمىش كويىدە، شاھىي، مېنى،
تا نەلەر قىلغاي ماڭا بىلمەي يانا نادان كۆڭۈل.

*

جانغە يەتتىم سەندىن ئايرۇ ھەجر ئارا، ئەي يار، كەل،
كەلمەسەڭ بىشەك ئۆلەرمەن، رەھم ئېتىپ زىنھار كەل.
كۆرسەتىپ ئارەز پەرىلەردەككى بولمىشسەن نىھان،
كۆزدىن ئۇچتۇڭ، قايدادۇرسەن، ئەي پەرى رۇخسار، كەل.
دەردى پىنھانىمنى بىلمەي مەندىن ئايرىلدىڭ بارىپ،
ئەمدىكىم دەردىمنى ئىشقىڭ ئەيلەدى ئىزھار، كەل.
زەھرى ھىجران قەسدىم ئەتتى، لەبلەرىڭ تەرياكىدىن
تا دەۋايى قىلغاسەن، جانان، مەسىھاۋار كەل.
ئەشكى گۇلگۇن گەۋھەرىن تا يولۇڭا ئەيلەي نىسار،
ناز ئىلە ئەيلەپ خىرام، ئەي سەرۋى خۇش رەفتار، كەل.
باردى ئول ئاي بىرلە كۆڭلۇم تەركى خانۇمان قىلىپ،
بارى ئول ئاي، كەلمەسە، سەن خانۇمان بىزار كەل.
كەلمەسە ئول يار، جان بەرگۇم، بۇ ھەم يۈز شۇكر ئېرۇر،
ئايتاي ـ ئايتاي شاھىدەك، ئەي يار، كەل، ئەي يار، كەل.

*

ئەي كۆڭۈل، ئاي يۈزىدىن مەھرۇم سەن، قان يىغلاغىل،
ئەي كۆڭۈل، تاپمان ۋىسالىن، تارتىپ ئەفغان يىغلاغىل.
ئايرىلىپ ئول ياردىن چۇن كۆرمەدىڭ رۇخسارىنى،
ئەي كۆڭۈل، چەككىل فىغان، ۋەي كۆز، فەراۋان يىغلاغىل.
كۆزۈ كۆڭلۇم ھەربىرى يىغلار زار ئەھۋالىمە،
سەن مېنىڭ ھالىمغە رەھم ئەيلەپسەن، ئەي جان، يىغلاغىل.
ئەيكى، دائىم شادۇ خەندان ئېردىڭ ئول ئاي ۋەسلىدىن،
ئەمدىكىم بولدى نەسىبىم دەردى ھىجران، يىغلاغىل.
ھەجر دەردى بىرلە مەن خۇد يىغلارەم، ھەسرەت ئەمەس،
كىم دېگەي ھەر لەھزە ئول گۇلبەرگى خەندان، يىغلاغىل.
ھەمنىشىنا، بولسە سەبرىڭ ئۆزگەلەردەك، يىغلاما،
گەر مېنىڭدەك بار ئېسەڭ بىسەبرۇ سامان، يىغلاغىل.

يىغلاماقدىن تىنماغۇلۇق، شاھىي، مۇنۇڭدەك بولسە ھەجر،
يۇممايىن كۆز، تىنمايىن، تا باردۇر ئىمكان يىغلاغىل.

*

زۇلمىدىنكىم باردۇرۇر ئول ئايغە ئادەت، ئەي كۆڭۈل،
خۇب ئەمەس ئىشق ئەھلىدىن قىلماق شىكايەت، ئەي كۆڭۈل.
ئەيلەسەم بىدىللىغ ئانىڭ زۇلمىدىن، ئەيب [ ئەتمە ] كىم،
يوقتۇر ئاڭا ھېچ رەھمۇ ماڭا تاقەت، ئەي كۆڭۈل.
ئىشقى ئولغاچ ئەيلەدىم ئانداقكى مىھنەت بىرلە خوي،
كەت يانىمدىن گەر قىلار بولساڭ فەراغەت، ئەي كۆڭۈل.
ئىستەگەچ كافىرۋەشى باردى دىمە سەبرۇ خىرەد،
بەلكى سەن سالدىڭ تەنىم مۇلكىدە غارەت، ئەي كۆڭۈل.
ئول سىھى قەد جىلۋەلەركىم كۆرگۈزۈر كۆز ئاللىدە،
فىتنەئىيدۇر جىلۋەدىن، قەد بىرلە ئافەت، ئەي كۆڭۈل.
ئىشق ئېلى ھەرگىز سەلامەت كويىدە قويماس قەدەم،
ئاشىق ئېرسەڭ مەن كەبى چەككىل مەلامەت، ئەي كۆڭۈل.
شاھىيۇ مەيخانە سەھنىيۇ لەبالەب جامى مەي،
زاھىدۇ مىھرابۇ كۈنجىيۇ ئىبادەت، ئەي كۆڭۈل.

*

ھەجردىن جانغە كۆڭۈلدىن، كۆڭلۈمە جاندىن مەلال،
ھەم ماڭا مۇندىن مەلال، ئەلقىسسە ھەم جاندىن مەلال.
ئاندىن ئايرۇ جان مەلۇلۇ مەن داغى، ۋەھ نەيلەيىن،
كۆڭلۈمە ھىجرانىدىن يوز قويدى ھەرياندىن مەلال.
ناتەۋان كۆڭلۈم يۈزى ھىجرانىدىن گۈلدىن مەلۇل،
قەددىدىن ئايرۇ ماڭا سەرۋى خىرامانىدىن مەلال.
دەۋر ئاياغىن چۇن لەبالەب ئەيلەسەڭ، بەرگىل ماڭا،
كىم يېتىپتۇر، ساقىيا، كۆڭلۈمگە دەۋراندىن مەلال.
ئىستەمە بىخانۇمان كۆڭلۈمنى شاھىيكىم، ئېرۇر
خەستە جانغە ئول ئەلا خانۇ ئەلاماندىن مەلال.

*

گەر دېسەم ئول دىلرەباغە: سېنىڭ ئۇچۇن زارمەن،
ئول ماڭا دەركىم: سېنىڭدەك زاردىن بىزارمەن.
خاھ ئۆلتۈر، خاھ تىرگۈزكىم، كۆڭۈل بەردىم ساڭا،
سەن بىلۇرسەن چۇن غەمىمنى ئەيلەدىم ئىزھارمەن.
ئەي ھەبىبىم، شەربەتى ۋەسلىڭنى قىل روزىي ماڭا،

كىم فىراق ئازارىدىن دىلخەستەۋۇ ئازارمەن.
كۆڭلۈم ئەفگار ئولدى ھەجران تىغىدىن دىلدارسىز،
سەربەسەر كۆڭلۈمگە ئوخشار مەن داغى ئەفگارمەن.
باش ئۈزە سەۋدايى زۇلفى تۇشتى ئېرسە، دوستلار،
تاڭ ئەمەس، گەر باغلاسام كۇفر ئەھلىدەك زۇننارمەن.
بۇلئەجەب ھالىكى ئالەم ئىچرە دەردىم فاش ئولۇر،
نىچەكىم مەخفىي غەممىنى جان ئارا ئاسرارمەن.
بەسكى، شاھىي، تاپتى شېئرىڭ ئەل ئارا بەرگۇ نەۋا،
تاڭ ئەمەسكى شېئر ئىلەن دېسەڭ نەۋائىيۋارمەن.

*

جان بېرەي يۈزىگە بۇرقەئ ھايىل ئەتمەستىن بۇرۇن،
ئەيلەيىن ئاسان ئىشىمنى مۇشكىل ئەتمەستىن بۇرۇن.
جانىم ئىچرە مەنزىل ئەيلەپ ئېردى ئىشقى سوزىدىن،
كۆلبەئى تەن ئىچرە جانىم مەنزىل ئەتمەستىن بۇرۇن.
ھەر سارى پەرۋانەئى ئۆرتەندى غەيرەت ئوتىدىن،
ئارەزىم بەزم ئىچرە شەمئى مەھفىل ئەتمەستىن بۇرۇن.
بادەئى ئەيش، ئەي كۆڭۈلكىم، سەرخۇش ئەيلەپدۇر مېنى،
تەرك قىلساڭ ياخشىراق لايەئقىل ئەتمەستىن بۇرۇن.
ۋەسلىغە يەتكەچ فەرەھدىن ئۆلدى [ ئاندا ] شاھىكىم،
ئۆلمەدى مۇردىن بارىي ھاسىل ئەتمەستىن بۇرۇن.

*

ئەي قۇياش، باشتىن ئاياق مۇنداقكى غەرقىي نۇرسەن،
يا مەلەك سەن، يا پەرى، يا ئادەمىي، يا ھۇرسەن.
كۆزلەرىم رەۋشەن قىلىپ، كۆڭلۈمگە سەن ئارامى جان،
كىم كۆڭۈلنىڭ مۇنىسى ھەم كۆزلەرىمگە نۇرسەن.
ئاخىر، ئەي ناسىھ، چۇ دەردى ئىشقىدىن ئاگاھ ئەمەن،
ھەر نەسىھەتكىم قىلۇر بولساڭ ماڭا ماغدۇرسەن.
نىچەكىم سەندىن يىراقمەن، ئەي كۆزۈمنىڭ رەۋشەنى،
ھەر سارى قىلسام نەزەر كۆز ئاللىدا مەنزۇرسەن.
تاپتى شۆھرەت زەررەدەك شاھىي سېنىڭ ئىشقىڭ بىلە،
ئەي پەرىۋەشكىم، قۇياشدەك ھۇسن ئىلە مەشھۇرسەن.

*

گۇلرۇخىيكىم يۈزىگە گۇل گۇل بولۇر مەيدىن ئەيان،
ئىچكەلى مەي يۈزى گۇل ئېردى، بولۇپتۇر گۇلستان.

ئەللاھ ـ ئەللاھ، ئاڭلامانكىم ھۆر ئېرۇر يا خۇد پەرى،
ئادەمىي بۇ شەكىل ئىلە ھەرگىز كىشى قىلماس گۇمان.
دەشت ئارا دەرلەر مېنى مەجنۇن، ئانى مەن گۆرگەن ئەل،
چەرخ زالى بىزنىكىم گويا كەتۈرمىش تەۋ ئەمان.
ئاتەشىن رۇخسارىنى كۆرگەچ تۇتاشتى ئوت ماڭا،
شەمئىنى پەرۋانە كۆرمەكدۇر ھەمان، كۆيمەك ھەمان.
كۆرمەگەيسىز ياخشىلىق، ئەي دوستلار، ئالەم ئارا،
شاھىئىي بىچارەگە گەر ئىشق ئىلە دەرسىز ھەمان.

*

ئول ۋەفاسىزنىڭ كۆڭۈلگە مۇنچە نازىنمۇ دەيىن،
نېچە ناز ئەتكەن سايى كۆڭلۈم نىيازىنمۇ دەيىن؟
ئاشكارا غارەتى دىن ئەيلەبان مەن تەلبەدىن،
يۈز ياشۇرۇپ ئول پەرىنىڭ ئېھتىرازىنمۇ دەيىن؟
سورسالاركىم ھالىڭا نې نەۋئـ ئەيلەي ئىلتىفات،
جەۋر كۆپىنمۇ دەيىن يا مېھرى ئازىنمۇ دەيىن؟
بىر سارىدىن ئەيلەيىن ئىزھار جانىم كۆيگەنىن،
بىر سارى غەمكىن كۆڭۈل سوزۇ گۇدازىنمۇ دەيىن؟
دېمەڭىزكىم ھالەتىڭنى ئاشكار ئەت ئەل ئارا،
شاھىئىي دىۋانەنىڭ ھەر قايدا زارىنمۇ دەيىن؟

*

دېمەنكى بۇ تەۋر ئىلە يامانسەن،
نېچە دېسە ياخشىغىنا جانسەن.
دېمەكى سەفانى تەرك قىلدىم،
جانا، نىكى بار ئېردىڭ، ھەمانسەن.
كۆڭلۈم ئالىدا ئەيانسەن، ئەي جان،
نېچەكى كۆز ئاللىدا نىھانسەن.
كۆڭلۈمنى ئالىپ تەرەھھۇم ئەتمەك،
بەس دەيكى نې نەۋئـ دىلسىتانسەن.
فەھم ئەيلەمەگۈڭدۇر ئاغزىدىن ھېچ،
شاھىي، نېچە ئەيلەسەڭ گۇمانسەن.

*

مۇنچە ئەندۇھۇ بەلىيەت بىزگە يەتكۈرگەن بىرەۋ،
جانىمىزنى ھەسرەت ئوتى بىرلە كۆيدۈرگەن بىرەۋ.

ئىشق بىرلە زوھدۇ تەقۋا كويىدىن ئايرۇ سالىپ،
بىزنى رەسۋالىق سارى كۈچ بىرلە كەلتۈرگەن بىرەۋ.
غۇسسەۋۇ ئەندۇھى ھىجران بار ئىمىش يۈزمىڭ بەلا،
كۆڭلىمىزگە بۇ بەلالارنى رەۋا كۆرگەن بىرەۋ.
ئاللىمىزدا ھەر زامان ئەغيارنى بىسيار ئۆگۈپ،
بىزنى ئەغيار ئاللىدا بىر يولى سىندۇرگەن بىرەۋ.
گەھ ۋىسال ئەييامىدىن، گەھ شامى ھىجران جەۋرىدىن،
ئەلنى تىرگۈزگەن بىرەۋ، شاھىينى ئۆلتۈرگەن بىرەۋ.

*

مىھرى يوقتىن قەستى جان قىلماقدۇر ئول جانان ئىشى،
مىھرى تەۋرىدىن فىدا قىلماقدۇر ئاڭا جان ئىشى.
يەتكۈرۈپ ھىجران ۋىسال ئەتمەس ماڭا گەردۇن نەسىب،
دەپ ئېرۇر ئاسان ۋەلې مۇشكىلدۇرۇر دەۋران ئىشى.
ئەيلەدىڭ كۆڭلۈمنى قان، گۈل كۆزلەر ئاچتى ئەشكدىن،
كۆز سالىپ كۆركى نەچۈك گۈل قىلدى ئاخىر قان ئىشى.
ۋەسل ئارا ئەغيار رەشكى ئەيلەدى كۆڭلۈمنى قان،
ۋەسل ئىشى بۇ بولسا، نې بولغۇسىدۇر ھىجران ئىشى.
ئىشق سەھراسى ئارا سەرگەشتەدۇر مىسكىن كۆڭۈل،
تا نې بولغاي ئاقىبەت ئول زارۇ سەرگەردان ئىشى.
ئەلگە ئىشرەت بادەسىدىن، بىزگە غەم خۇنابەسى،
دەۋر ئاياغىدا بۇدۇر ئىش، تا ئېرۇر دەۋران ئىشى.
نې ئەجەب، شاھىيغە بىداد ئەيلەسە ئول شاھى ھۇسن،
جەۋر قىلماقدۇركى ئالار ھالىغە سۇلتان ئىشى.

*

بىر كېچە ئىككى پەرى رۇخسار ماڭا مىھمان ئىدى،
كىم ئالارغە تەلبە كۆڭلۈم ۋالەھۇ ھەيران ئىدى.
بىرى ھۇسن ئەھلىغە سەرۋەر خۇبرولۇق بابىدا،
بىرى يارغا خۇبرولۇق تەۋرىدە سۇلتان ئىدى.
بىرىنىڭ دىدارى مىھرى ئالەمئارا، ئەي كۆڭۈل،
بىرىنىڭ رۇخسارەسى گويا مەھى تابان ئىدى.
بىرى ئىشقىدە بەغايەت كۆڭلۈم ئېردى مۇزتەرىب،
بىرى شەۋقىدىن يۈزۈم ئۈزرە ياشىم غەلتان ئىدى.
بىرىنىڭ ئازارى بىرلە قان تۆكەر ئېردى كۆزۈم،
بىرىنىڭ نازى بىلە باغرىمدا تولا قان ئىدى.

بىلمەن ئول جەۋزا سىفەتلەر مەقدەمىدىن بۇ كېچە
مەجلىسىم گۇلزار ياخۇد رەۋزەئى رىزۋان ئىدى.
بەختۇ تالىئ- يارلىق كۆرگۈزدى، شاھىي، ئول كېچە،
يوقسە ئول دەۋلەتغە يەتمەك ماڭا نې ئىمكان ئىدى.

*

نىگارىكىم ئاڭا ئىشق ئىچرە ھەر دەم جان فىدىي قىلغاي،
كېرەك ئول نەۋئىكىم جانى فىدىي بولسە، گىرىي قىلغاي.
ۋەفا ھەرفىنى مەھۋ ئەتمەس زەمىرىم لەۋھىدىن ھەرگىز،
كىشىكىم تەختەئى ئىشق ئىلكىگە ئالىپ مەھىي قىلغاي.
بىرەۋكىم يار پەيغامىن مەنى بىدىلغە يەتكۈزسە،
تۇگەنگەن سايى ئىستەرمەنكى باشتىن ئىقتىدىي قىلغاي.
ئىمامەكىم ئانىڭ مېھرابى ئېرمەس قاشلارىڭ تاقى،
نەماز ئەيلەردە ئەھلى ئىشق نە دەپ ئىقتىدىي قىلغاي.
رەقىبىڭ مېنى دەر ئېرمىشكى تەركى ئىشق ئەيلەپدۇر،
مەنى مەھرۇمغە، ۋەھ، نېچە، يا رەب، ئىفتىرىي قىلغاي.
تىلەپ جەمئىيەتى ھەركىم، دېسە: سەرگەشتەلىك كۆرمەي،
كۆڭلىنى ئۆزگە يەرلەردىن ئۈزۈپ ئەزمى ھىرىي قىلغاي.
ماڭا يار ئاللىدا بارۇرغە ياراق يوقتۇرۇر، شاھىي،
مەگەر يار ئۆز قاشىغە مەرھەمەت بىرلە ندىي قىلغاي.

## رۇبائىيلار

غەم كۈنجى ئارا رەفىقى جانىم يوق ئىمىش،
كۆڭلۈمنى ئالۇرغە دىلىستانىم يوق ئىمىش.
كۆڭلۈمنى ئالىپ يارلىق ئەتتىڭ ئىزھار،
سەن ياردىن ئۆزگە مېھرىبانىم يوق ئىمىش.

دېدىم: بولايىن ئۆلگۈچە ئول يار بىلەن،
جان قەسدىنى قىلغۇچى دىلئازار بىلەن.
ئەغيار بىلەن يارلىغىم تۈزدى سىپېھر،
نېتسۈن كىشى بۇ سىپېھرى غەددار بىلەن.

*

ئەي بادى سەبا ئەگەر ھەۋا ئەيلەگەسەن،
ئول سارى بارۇرنى مۇددەئا ئەيلەگەسەن.
يار ئاللىدا يەر ئۆپۈپ دۇئا ئەيلەگەسەن،
ھالىمنى نىياز ئىلە ئەدا ئەيلەگەسەن.

*

جىسمىمنى فىراق ناتەۋان ئەيلەدىلا،
بۇ غۇسسە مېنى ھەلاكى جان ئەيلەدىلا.
جانىم ئەلەمى كۆڭلۈمنى قان ئەيلەدىلا،
كۆز يولىدىن ئول قاننى رەۋان ئەيلەدىلا.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي

# «تەزكىرەتۇش - شۇئەرا»دىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۈسۈپ ئىگەمبەردى

## مۇقەددىمە

### مۇئەللىپ ئەھۋالىنىڭ بايانى ۋە كىتابنىڭ يېزىلىش سەۋەبلىرى

بۇ روشەن قۇرلارنىڭ مۇئەللىپى، مەنىلەرگە تولغان سۈرەتنىڭ مۇسەۋۋىرى... دەۋلەتشاھ ئىبنى ئەلائۇد - دەۋلە بەختىشاھ ئەل - غازىي ئەس - سەمەرقەندىي... جاھاننى بېزىگۈچى ئەربابلارنىڭ، دۆلەت فەزىلەت ۋە ھېكمەت ئىگىلىرىنىڭ روشەن پىكىرلىرىگە شۇنى مەلۇم قىلىدۇكى، پېقىر ئاسىي بەندە يىگىتلىكنىڭ غەنىيمەت پەيتىنى، يەنى ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەش ۋاقىتلىرىنى جاھالەت ۋە بىكارچىلىقتا ئاخىرىغا يەتكۈزدۈم. ئەبەدىي سائادەتنىڭ سەرمايىسى بولغان ئۈچ كۈنلۈك ئۆمۈرنى بىھۇدە ئۆتكۈزدۈم. بىر ۋاقىتتا ھېساب - كىتاب قىلىپ، ھايات خاتىرىسىگە نەزەر تاشلىسام، قىممەتلىك ئۆمۈر كارۋىنى ئازغۇنلۇق باياۋىنىدا ئەللىك مەنزىلنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ. توغرا يولنى تاپقۇچىلار يېتەكچىسى، دانالار قىبلىگاھى، مىللەت ۋە دىنىنىڭ نۇرى مەۋلانا ئەبدۇرەھمان جامىي ھەزرەتلىرىنىڭ ھېكمەتكە تولغان دىۋانىدىن مانا بۇ بېيىتلەرنى ئۆز ئەھۋالىمغا مۇناسىپ تاپتىم:

ئۆمرۈم ئون ياشقاچە غور، زەئىپ ئۆتتى،
ئۆتتۈزغىچە بىنەپ ھەم بىئەيب ئۆتتى.
قىرق ياشنى جەھالەت سورۇدى يەلگە،
ھازىر ئەللىكتىمەن، ئۆمرۈم ھەيف ئۆتتى.

---

① بۇ ئەسەر تاشكەنت غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان «شائىرلار بوستانى» («تەزكىرەتۇش - شۇئەرا»دىن) ناملىق كىتابقا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. بۇ ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى ھەققىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ «مەشھۇر ئەسەرلەر» سەھىپىسىدە ماقالە بېرىلدى. — مۇھەررىردىن

پىكىر مۇلاھىزە قىلىپ، ئۆزۈمگە دېدىمكى: «فەزىلەت ۋە كامالەت مۇندەرىجىسى بولمىش دىن ۋە دانىش دەپتىرىدىن بىرەر ھەرپ ئوقىمىدىڭ، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئەمەل ۋە مەرتىۋىلىرىدىن بەھرىسىز قالدىڭ، ئۆمۈرنى بۇ قەدەر نابۇد قىلىشتىن مۇراد نېمە، بۇ پايدىسىز سەۋدايىلىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟» خىجالەت ۋە ئۇياتلىق ئازابىنى تارتقاندىن كېيىن، كۆردۈمكى، نادامەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتنىڭ، قولدىن كەتكەن بەختنىڭ تەدبىرى يوقتۇر. (بەلگىلەنگەن) ھايات مۆھلىتىدىن ئۆزگە ئۆمۈرنى سوزۇپ بولماس. ئازەرىيگە ئىخلاسىم يۇقىرى بولغاچقا، شەيخنىڭ تەخەللۇسى قەيت قىلىنغان مانا بۇ بېيت ئېسىمگە چۈشتى:

ئازەرىي، غەپلەتتە ئۆمرۈڭ كەچتى ئويۇنچۇق بولۇپ،
تا تىرىكسەن بولما غاپىل، تۇت ھامان پۇرسەنى چىڭ.

مىسرا:
ئۆمۈر كەتتى ئۇنى قوغلاپ تۇتماق بولار بىراۋلار،

ئاقىۋەت، شۇ مەسلىھەتنى (ئۆزۈمگە) لايىق كۆردۈمكى، ھايات ئۆلىقى ئاخىرى غەم ۋە غۇسسە ـ شېغىللىرىدا مەجرۇھ بولۇشتىن بۇرۇن، مىسرا:

[مەشغۇل بولاي بىر ئىش بىلەن، غەملىرىم تارقالسۇن.]

(ئاخىر ) ئىلىمگە مۇستەھكەم قەدەم تاشلىدىم ۋە (ئاڭا) قىممەتلىك سەرمايە تاپتىم. ئەمما ،كۆردۈمكى، كېلىنچەكنىڭ مۇھەببىتى يىگىتلىكنىڭ غەيرىتىدىن باشقا نەرسە بىلەن نەقىشلەنمەيدىكەن. (چۈنكى) «ياشلىقتا ئارتتۇرۇلغان ئىلىم تاشقا ئويۇلغان نەقىشكە ئوخشايدۇ»... قال ئىلىمگە① يېتىشەلمىگەن ئەھۋالدا ھال ئىلىمگە② يېتىشمەك مۇمكىنمۇ؟ ھۆكۈمدارلار دەرگاھىدىكى مۇلازىملىق غەم ـ غۇسسىسىنىڭ قىسسىسىدىن نېمە دەي؟ ! بۇ رەسىم ـ قائىدە گەرچە بىچارە ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ ئادىتى بولسىمۇ، نەپسىمنى بۇ خىزمەت مۇراسىمىدىن يىغدىم، زۆرۈرىيەتتىن ئايىغىمنى ئاشۇ دەرگاھتىن تارتتىم... ئاخىر ھەسرەت ۋە پۇشايمانلىق، غەم ـ قايغۇ ۋە پەرىشانلىق بىلەن بەختسىزلىك بۇرجىكىدە قالدىم، تەنھا ھالدا بىر چەتتە يوشۇرۇندۇم. بىكارلىقتىن خاتىرەمنى ھارغىنلىق (تۇيغۇلىرى) ئىگىلىدى. مەنالار خەزىنىلىرىنى ئۇچراتقاندىن كېيىن بىلدىمكى، قەلەم ئاشۇ خەزىنىنىڭ ئەجدىھاسى ئىكەن. ئىككى تىللىق قەلەم بىلەن بىردىللىق بولۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم: «ئەي بىلىم خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچى، سەن بىلەن كېلىشمەكچىمەن، بارماقلىرىم ئۇچىنىڭ تىرىشىشى بىلەن چىشلىرىڭغا قايسى سۆزنى يازغىنىم ماقۇلراق؟» قەلەم غىچىرلىغان ھالدا ئاۋاز چىقىرىپ جاۋاب بەردى، بېيىت:

ئېيتىدىغان گەپلىرىنى ئېيتالىغانلار ئېيتتىلەر،
بار ئىلىم ئۆيىگەكىم، ئىلىم ئۆيىگە كەتتىلەر.

دىن ئۆلىمالىرى ئەسەرلەر ۋە خەۋەرلەرنى ھەق دادىغا يەتكۈزگەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى

---

① قال ئىلمى ــ ئىسپاتلاش يولى بىلەن ماھىيىتىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولغان ئىلىم.
② ھال ئىلمى ــ پەقەت ئېتىقاد يولى بىلەنلا ماھىيىتىنى چۈشىنىش ۋە بىلىش مۇمكىن بولغان ئىلىم: تەسەۋۋۇپ.

كىتاب تۈرى ئۇيغۇرچە كىتابلار
www.uighurkitap.com

خەلقىنىڭ يۈزىگە ئېچىلغان. مازىرى گۈللەر ھىدىدىن مۇئەتتەر بولغۇر شەيخ ئەتتار «تەزكىرەتۇل ـ ئەۋلىيا»دا ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسەتكەن. دانا تارىخچىلار پادىشاھلارنىڭ تارىخ ۋە ماقالاتلىرى بىلەن جىلد ـ جىلد كىتابلارنى بېزەپ پۈتتۈرۈپتۇ. شۇ تەرىقە مەملىكەتلەر مەرىپىتى (ئۇلاردا ياشىغۇچى) بەندىلەرنىڭ مەسلىھىتىگە نېمىكى لايىق بولسا، پەزىلەت ئىگىلىرى بۇ ئىشقا ئەستايىدىل كىرىشىپ، ئۆزلىرىدىن يادىكارلىق قالدۇرۇپتۇ. (بېيت):

نېمە قالدى بۇ ئالەمدە نامەلۇم؟
تارىخ ئەسلىمىسى، شائىرلار قىسسىسى.

ۋەج شۇكى، ئالىملار شۇ قەدەر پەزىلەت ۋە كامالەتلىك بولۇپ تۇرۇپ، بۇ شەپقەتلىك ئەفسانە (يەنى «تەزكىرە») ئۈستىدە قەلىمىنى قىينىمىغان، ھەممەتلىك بېشىنى ئۇنىڭغا ئەگمىگەن. باشقىلارغا بولسا ۋاقىت تەقەززا قىلمىغان، بەلكىم بۇنىڭغا سەرمايە قۇۋۋەتلىرى يەتمىگەن.
قىسسىگە كەلسەك، بۇ تائىپىنىڭ (شائىرلارنىڭ) زىكرى ۋە تارىخىنى پەزىلەلىك كىشىلەردىن بىرەرى يازمىغان. (شۇنىڭ ئۈچۈن) ساۋاب ۋەجىدىن بىرەر نەرسە يېزىلسا ھەقىقەتەن ياخشىلىق شۇ بولار ئىدى. مەن مەجرۇھ بۇ بەلگە ـ ئىشارەتلەرنى مەنالار خەزىنىدارىدىن ئېشىتىپ بىلدىمكى، مەزكۇر ئۇۋلار (شائىرلار) ئاشۇ ئۇۋچىلارنىڭ تورىقىدىن سالامەت قالغانىكەن ھەم بۇ ئىشىك تەلەپ ئەھلىنىڭ يۈزىگە ئېچىلمىغانىكەن. بۇ پارچە ـ پۇراتلارنى ئاشۇ شەرەپلىك زاتلارنىڭ ھاياتلىق چاغلىرىدا كۆرگەنىدىم، ئۇ ئاجايىپ ياخشى سۆزلەرنى پەزىلەت ئەھلىنىڭ كەرەملىك خامانلىرىدىن تېرىۋالغانىدىم؛ مۆتىۋەر تارىخ كىتابلىرىدىن، ئاشۇ زاتلارنىڭ (بارچە) ئىقلىملاردا مەشھۇر ۋە ئەسلىنىدىغان دىۋانلىرىدىن بىر تەزكىرە توپلىدىم. (بۇ تەزكىرە)تاكى ئىسلامىيەتتىن شۇ كۈنگىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن، دەپ مەقسەت قىلدىم. يەنە قولۇمدا بولغان بىرقەدەر ئۇلۇغ پادىشاھلار تارىخلىرىدىن، ئۇلار زامانىدا ئۆتكەن نامدار شائىرلار بايانىنىمۇ بۇ تەزكىرىگە كىرگۈزدۇم. (ۋە) يەنە ئۇلۇغلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن، بۈيۈكلەرنىڭ لەتىپىلىرىدىن، مەشھۇر مەملىكەتلەر ھەققىدىكى كىتابلاردىن نېمىنى بىلسەم، نېمىگە قادىر بولالىسام، ئىمكانىقەدەر بۇ تەزكىرىدە قەيت قىلدىم. ھەقىقەتلەرنىڭ گۈزەل كېلىنلىرى غايىب چىمىلدىقلىرىدىن جامال كۆرسىتىش بىلەنلا، مۇلاھىزە ۋە ئەندىشىگە چۈشتۈم، بۇ كەرەملىك شەبىستانىنىڭ ھىمايىسىدە، كىم ئۆز كۆڭلىگە ئىگە بولالىسۇن؟ پەردە ئارقىسىدىكى مەسۇمە ـــ ئۇنىڭ پاك ئېتىكى بارچە يىرگىنچلىك نەرسىلەردىن يىراقتۇر ـــ قەدرىگە قايسى بىگۇناھ يېتەركىن ھەم بۇ مەنالار گۆھىرى ئەقىل ئىگىلىرىدىن قايسى بىرىنىڭ قۇلىقىغا مۇناسىپ بولاركىن؟ ئەھلى دانا مېنى ئاگاھلاندۇراتتى، مىسرا:

[زەر قەدرىنى زەرگەر بىلەر، جەۋاھىرنى جەۋھەرشۇناس]

ئىلھام بەرگۈچى بەخت ـ سائادەتنىڭ ئىشارىتىدىن ئايانكى، بۇ خىزمەت يۇقىرى مەرتىۋىلىك مەنسەب ئىگىسى (ئەلىشىر نەۋائىي)دىن باشقىغا مۇناسىپ ئەمەستۇر. بۈگۈن ئۇنىڭ ئەپۇچانلىقى ۋە پەزىلىتى ھەممىگە ئورتاق ۋە ئۈزلۈكسىزدۇر. ئۇنىڭ ھەيۋەت ۋە قۇدرىتىدىن (دۆلەت) بىناسى ۋەيران بولماي تۇرماقتا...

## بۇ كىتابنىڭ قائىدە ۋە ئادەتلىرىنىڭ بايانى، تەبىقىلەر ۋە (كىتاب) بابلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

شائىرلارنىڭ ئورنى ۋە ھالىتىنى توپلاپ رەتلەش قىيىن ئىش. سەۋەب شۇكى، (ئۇلاردىن) بىرقانچىسى شۇ يوسۇندا قەدىم زامانلاردىن بېرى خەلق ئارىسىدا مەلۇم بولسىمۇ، پەقەت ئېغىزدىلا

ئېيتىلغاندۇر. شۇڭا، زامانلار ۋە كۆڭۈللەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر ئەھۋال ئىككىنچى بىر ئەھۋال بىلەن، بىر ئىش باشقا بىر ئىش بىلەن ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن. بۇ جامائەت (شائىرلار)تىن كۆپچىلىكىنىڭ ئىسمى مەخپىيلىك پەردىسىدە يوشۇرۇنۇپ قالغان. ئەمما، مەن ناملىرى تارىخ كىتابلاردا، رىسالىلەردە قەيت قىلىنغان، خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولغان بىر جامائەتنى ئىختىيار قىلدىمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ھەم پەزىلەتلىك ۋە بۇ ئىلىمدە ماھىر، سۇلتانلار نەزەرىدە بولسا مەقبۇل ئىدى.

بۇ كىتابنى ئاسمان تەبىقىلىرى يوسۇنىدا يەتتە تەبىقىگە بۆلدۈم ۋە ھەر تەبىقىدە تەخمىنەن يىگىرمە نەپەر پەزىلەت ئەھلى، شائىر ئورۇن ئالدى. ئۇ تەبىقىلەرگە مۇقەددىمە ۋە خاتىمىمۇ قوشتۇم. مۇقەددىمىدە بەزى پايدىلىق گەپلەر بىلەن بىرگە ئەرەب شائىرلىرى زىكرىنى كەلتۈردۈم. تەبىقىلەر ئاخىرىدا، مۇشۇ كۈندە شەرەپلىك ۋۇجۇدى بىلەن جاھان زىننەتلىنىپ تۇرۇۋاتقان پەزىلەت ئىگىلىرى ۋە شائىرلارنىڭ ئەھۋالىنى زىكىر قىلدىم. ئۈمىد شۇكى، ۋاقتى كېلىپ پەزىلەت ئىگىلىرى بۇ خەير ۋە ساخاۋەتتىن خەۋەر تاپسا، ئەپۇ ۋە تۈزۈكلۈك ئېتەكىنى كەمىنە ئۈستىگە ياپقايلار...

مۇقەددىمە: ئەرەب شائىرلىرى زىكرى بولۇپ، بۇ يەردە ئون نەپەر پەزىلەت ئىگىسى زىكىر قىلىنىدۇ: لەبىد، فەرزۇق، ئۇبۇلىي ھەززالىي، ئىبنى رۇمىي، مۇتەنەببىي، ئەبۇلئەئلا مەئەررىي، ھەرىرىي، ئەبۇلفەتھ بۇستىي، مۇئىنىددىن تەنتەرانىي، كەسىر ئاسىي.

بىرىنچى تەبىقە: ئۇستاد رۇداكىي، غەزائىرىي رازىي، ئۇستاد ئەسەد تۇسىي، ئۇستاد ئەبۇلفەرەج، مەنۇچىھر، پەندارىي رازىي، ئۇستاد ئۇنسۇرىي، ئۇستاد ئەسجەدىي، مەسئۇد سەئد سەلمان، فىردەۋسىي، فەررۇخىي، مۇئىززىي، نىزامىي ئەرۇزىي سەمەرقەندىي، ھەكىم ناسىر خۇسرەۋ، ئەمئەق بۇخارىي، قەتران ئەجەلىي، فەسىھىي جۇرجانى، فەرخارىي، ئەبۇلئەئلايى گەنجە، مەلىك ئىمادىددىن زەۋزەنىي.

ئىككىنچى تەبىقە: ھەكىم ئەزرەقىي، ئەبۇلۋاسىئ جەبەلىي، ئەبۇلمەفاھىر رازىي، ئەفزەلىددىن خاقانىي، ئەۋھەدىددىن ئەنۋەرىي، رەشىدىددىن ۋەتۋات، ئەدىب سابىر، ئۇسمان مۇختارىي، شەيخ سەنائىي غەزنەۋىي، ھەكىم سوزەنىي سەمەرقەندىي، فەلەكىي شىرۋانىي، سەئىد ھەسەن غەزنەۋىي، فەرىد كاتىب، سەيفىي نىشاپۇرىي، ھەكىم رۇھانىي سەمەرقەندىي، زەھىرىددىن فارىيابىي، مۇجىرىددىن بەيلەقانىي، جەۋھەرىي زەرگەر ھىرەۋىي، ئەسىرىددىن ئەخسىكەتىي، سەيفىددىن ئىسفەرەنگىي.

ئۈچىنچى تەبىقە: شەيخ نىزامىي گەنجەۋىي، سەئىد زۇلفىقار شىرۋانىي، شاھفۇر نىشاپۇرىي، جەمالىددىن مۇھەممەد ئەبدۇرەززاق، كەمالىددىن ئىسمائىل ئىسفەھانىي، شەرەفىددىن شەفرۇھ ئىسفاخانىي، رەفىئۇددىن لۇبنانىي، سەئىد ھىرەۋىي، قازى شەمس تەبەسى، ئىمام ھىرەۋىي، فەرىد ئەھۋەل، ئەسىرىددىن ئۇممانىي، رۇكنىددىن قۇبائىي، مەجدىددىن ھەمكار فارسىي، پۇرى بەھا جامىي، ئەبدۇلقادىر نائىنىي.

تۆتىنچى تەبىقە: شەيخ فەرىدىددىن مۇھەممەد ئەتتار، مەۋلانا جەلالىددىن مۇھەممەد رۇمىي، شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدىي شىرازىي، شەيخ ئەۋھەدىددىن مەراغەئىي، فەخرىددىن ئىراقىي، خاجە ھۇمام تەبرىزىي، بەدرى جاجىرمىي، شەيخ نۇرىددىن ھەسەن ئىسفەرائىنىي، ئەمىر ھۇسەينىي، ئىبنى نۇسۇھ، ئىبنى ھىسام خەۋافىي، فەخرىددىن بەنا كەتىي، جەلال جەئفەر فەر رەھانىي، ھەكىم نىزارىي كوھىستانىي، سىراجىددىن قەمەرىي، رۇكنىددىن، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي، خاجە ھەسەن دېھلەۋىي، خاجۇيى كىرمانىي.

بەشىنچى تەبىقە: خاجە ئىماد فەقىھ كىرمانىي، خاجە سەلمان ساۋەجىي، مەۋلانا مۇزەففەر ھىرەۋىي، مەۋلانا ھەسەن مۇتەكەللىم، ناسىر بۇخارىي، ئەمىر يەمىنۇددەۋلە توغرايى فەريۇمەدىي، ئىبنى يەمىن، ئۇبەيد زاكانىي، سەيىد جەلالىددىن ئەزود يەزدىي، مەۋلانا ھەسەن كاشىي، جەلال تەبىب شىرازىي، خاجە ھافىز شىرازىي، شەرەفىددىن رامىي، شەيخ گەنج تەبرىزىي، ئىبنى ئىماد، مەۋلانا لۇتفۇللاھ نىشاپۇرىي، شەيخ كەمال خوجەندىي، خاجە ئەبدۇلمەلىك سەمەرقەندىي.

كىتاب نۇر بېكىتى uyghurkitap.com



**ئالتىنچى تەبىقە:** ئەمىر سەييىد نىئمەتۇللاھ كوھىستانىي، مەۋلانا مۇئىنىددىن جۇۋەينىي، قاسىم ئەنۋەر، بىساتىي سەمەرقەندىي، خاجە ئىسمەتۇللاھ بۇخارىي، ئەبۇ ئىسھاق ھەللاج شىرازىي، مەۋلانا بۇرۇندۇق سەمەرقەندىي، خاجە رۇستەم خۇريانىي، مەۋلانا بەدر شىرۋانىي، مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدىي، مەۋلانا ئەلى دۇردوزد ئەسترەبادىي، مەۋلانا كاتىبىي تۇرشىزىي، مەۋلانا ئەلى شەھاب تۇرشىزىي، شەيخ ئازەرىي، مەۋلانا سىمىي نىشاپۇرىي، مەۋلانا كەمال ئىبنى غىياس شىرازىي، مەۋلانا يەھيا سىبەك نىشاپۇرىي، مەۋلانا بەدەخشىي، مەۋلانا خەيالىي بۇخارىي، بابا سەۋدايى ئەبىۋەردىي، مەۋلانا تالىب جاجىرمىي.

**يەتتىنچى تەبىقە:** ئەمىر شاھىي سەبزەۋارىي، مەۋلانا ھەسەن سالىمىي، مەۋلانا مۇھەممەد ئىبنى ھىسام كوھىستانىي، مەۋلانا ئارىفىي، مەۋلانا جۇنۇنىي، مەۋلانا يۇسۇف ئەمىرىي، خاجە ئەۋھەد سەبزەۋارىي، ئەمىر ئەمىنىددىن نۇزۇلئابادىي، دەرۋىش قاسىم تۇنىي، «شەرىفىي» نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەۋلانا ساھىب بەلخىي، خاجە مەنسۇر قارابۇقا تۇسىي، مەۋلانا دەرۋىش تۇسىي، سەييىد شەرەفىددىن رىزايى سەبزەۋارىي، ھافىز ھەلۋائىي، مەۋلانا تۇتىي تۇرشىزىي، قەمبەرىي نىشاپۇرىي، مەۋلانا تاھىر بۇخارىي، مەۋلانا ۋەلى قەلەندەر، ئەمىرزادە يادگاربەگ، خاجە مەھمۇد بەرەھنە.

**خاتىمە:** مۇشۇ كۈنلەردە زامان فەزىلىتى ۋە كامالىتى ھەمدە يۇرۇش - تۇرۇشلىرى بىلەن بېزەكلىك بولغان ئۇلۇغلار ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى زىكرىدەدۇر... بۇ ئورۇندا (مەزكۇر) پەزىلەت ئىگىلىرى ۋە ئەمىرلەردىن ئالتە كىشىنىڭ زىكرى كەلتۇرۇلدى. مەۋلانا نۇرىددىن ئەبدۇررەھمان جامىي، ھەقىقەت ۋە دىنىنىڭ نىزامى ئۇلۇغ ئەمىر ئەلىشىر (نەۋائىي)، خاجە ئەفزەلىددىن مۇھەممەد ۋەزىر، ئەمىر ئەھمەد سۇھەيلىي، خاجە شەھابىددىن ئەبدۇللاھ مەرۋەرىد، خاجە ئاسەفىي.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىدا)

(بېشى 44 - بەتتە)

بىز 1967 - يىلى بۇ تەزكىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسانلىق 32 شائىرنىڭ ھاياتى ھەمدە ئىجادىيىتىگە ئائىت ئايرىم قىسقا پارچىلەرنى ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، زۆرۈر تەتقىقات ھەم ئىزاھلار بىلەن نەشر قىلغانىدۇق.

مۆھتىرەم كىتابخان ئېتىبارىغا ھاۋالە قىلىنىۋاتقان بۇ تەرجىمىمۇ تاللانما بولۇپ، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي تەزكىرىسىدىن تاللاپ ئېلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندا ياشاپ ئىجاد قىلغان ئەللىكتىن ئارتۇق شائىر ۋە پەزىلەت ئەھلى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەرجىمىدە «تەزكىرەتۇش - شۇئەرا»نىڭ ھاجى مۇھەممەد رەمەزان 1958 - يىلى چاپ قىلغان تېھران نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. كىتابخانلارنىڭ تەلەپ ۋە ئېھتىياجلىرىنى ھېسابقا ئېلىپ، كىتابقا مۇھىم تارىخىي ئىزاھلار ۋە لۇغەت ئىلاۋە قىلىندى. بۇ تەرجىمىدە ئەۋۋەلقى (1967 - يىلدىكى) نەشرىمىز يۈزىسىدىن مەتبۇئاتتا، شۇنىڭدەك يازما ۋە ئاغزاكى تەرزدە بىلدۈرۈلگەن ئايرىم تەنقىدىي مۇلاھىزىلەرنى ھېسابقا ئالدۇق.

مەزكۇر كىتابنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا كۆرسەتكەن ياردەم ۋە قىممەتلىك مەسلىھەتلىرى ئۈچۈن ئاكادېمىك ۋ. زاھىدوف، پەن كاندىداتلىرى ت. نېمەتوف، ئو. ئوسمانوف، مەھمۇدوف، ن. سەيفىيېف ۋە ن. نارقۇلوف قاتارلىق كەسپداشلىرىمىزغا كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

# چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىدرىس تۇرنىياز كۆكيار، تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

**نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:** چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئوردا پەرمانى، مەمۇرىي - ھەربىي بۇيرۇقلار، ھۆكۈمەت خەت - ئالاقىلىرى، تەستىق، ئىسپات، باج ھۆججىتى، ئەرز - دەۋا، ئىلتىماس، دوكلات، تىزىملىك، نوپۇس، ھېسابات دەپتىرى، كېلىشىم - توختاملار، شەخسىي خەت - ئالاقىلەر، تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى قاتارلىق تۈرلۈك مەزمۇندىكى ۋەسىقىلەر بولۇپ، ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا دەسلەپكى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر، تەۋلىيەلەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. دەلىل - ئىسپات خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان، شۇنداقلا بىر قەدەر يۇقىرى تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە بولغان بۇ ۋەسىقىلەر سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، جۈملىدىن ئىجتىمائىي، سىياسىي، سودا - سېتىق، پۇل مۇئامىلە ۋە باشقا تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى رەتلەش، قېزىش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىپ ئىلىم دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇش خىزمىتى چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقى تەتقىقاتىنىڭ نۇقتىلىق خىزمەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان ھەم تېپىلىۋاتقان چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئەدەبىيات، قانۇن، تىل - يېزىق، پەلسەپە، دىن، مىللەت، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، سەنئەت، تارىخ، سودا، ئىقتىساد.... قاتارلىق كۆپلىگەن تەرەپلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ قىممەتلىك ماتېرىيالى بولالايدۇ.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ۋە بۇ تىل - يېزىقتا خاتىرىلەنگەن تۈرلۈك مەزمۇندىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ھازىر كلاسسىك شائىرلارنىڭ تۈرلۈك مەزمۇندىكى نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلىرىنى قېزىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلماقتا. «بۇلاق» ژۇرنىلى بۇ خىزمەتنىڭ ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئويناماقتا. دۆلىتىمىز ئىچىدە ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقى تەتقىقاتىنىڭ مۇساپىسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقى تەتقىقاتىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى تونۇشتۇرۇش، بۇ تىلنىڭ گىراماتىكىسىنى تەتقىق قىلىش، كلاسسىك شائىرلارنىڭ تۈرلۈك مەزمۇندىكى نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە نەشر قىلىش، شۇنداقلا بۇ ئەسەرلەرنى

تىل ـ ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماقتا. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن تۈرلۈك مەزمۇندىكى ھۆججەتلەر، مەسىلەن، قەرز ئېلىش، قەرز قايتۇرۇش، يەر ھۆددىگە ئېلىش، مىراسقا ئىگىدارچىلىق قىلىش، ئېلىم ـ سېتىم.... قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى ھۆججەتلەرنى قېزىش، رەتلەش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، بولۇپمۇ بۇ ۋەسىقىلەرنى تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، مەدەنىيەت، قانۇن، ئىقتىساد، سودا، ھۆججەتشۇناسلىق.... نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش تېخى ئۇنۇملۈك ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. بۇ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقەشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئاجىز بىر نۇقتا ۋە بوشلۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۈرلۈك ۋەسىقىلەر، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە تەۋلىيىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆزەتكىنىمىزدە، بۇلارنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى، قۇرۇلمىسى، تىلى قاتارلىقلارنىڭ خېلىلا قېلىپلاشقان ھەم بىرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ۋەسىقىلەرنى باشلىغاندا ئاۋۋال شۇ ھۆججەت خاتىرىلەنگەن ۋاقىت، يەنى يىل، ئاي، كۈن خاتىرىلەنگەن، ئاندىن شۇ ھۆججەت خاتىرىلىنىشنىڭ مەقسىتى، شۇ ھۆججەتنى خاتىرىلىگۈچىنىڭ ئىسمى ـ فامىلىسى، ھەتتا لەقەملىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يۇرتى ۋە باشقا ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. ئارقىدىن شۇ ھۆججەتنىڭ شەرتلىرى ۋە شۇ ھۆججەتتە تىلغا ئېلىنغان مال ـ مۈلۈكنىڭ خاراكتېرى، مال ـ مۈلۈكنىڭ تەبىرى، مىقدارى، ئۇنىڭ كونكرېت پاسىل ـ چېگرىسى، جايلاشقان ئورنى، شۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ باھاسى، شۇ مال ـ مۈلۈك ئىگىسىنىڭ سالاھىيىتى، ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى، ئۇنى بىرتەرەپ قىلىش ھوقۇقى يېزىلغان. ئاخىرىدا شۇ ھۆججەتنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى، ھۆججەتلەشكۈچى تەرەپلەرنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى، ئىسمى، گۇۋاھچىلارنىڭ ۋە ھۆججەت يازغۇچىنىڭ ئىسمى، مۆھۈر ـ تامغىلىرى، ھۆججەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا كىشىلەر ۋە ئورگانلارنىڭ تامغىلىرى، بولۇپمۇ شۇ دەۋردىكى ئىسلام شەرىئەت ئورگىنىدىكى قازى ـ كالانلارنىڭ ۋە شۇ ھۆججەتنى ۋاكالىتەن يېزىپ بەرگۈچى كىشى بىلەن گۇۋاھچىلارنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان ياكى تامغىلىرى بېسىلغان، ئاندىن ھۆججەت ئاخىرلاشتۇرۇلغان. بۇ ۋەسىقىلەر ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىدىن باشقا يەنە ئەينى دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئىقتىسادىي ھەق تەلەپ قانۇن ئېڭى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ يېزىقچىلىق، خەت ـ چەك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتىمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. بىز بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق ـ تەلەپ، قانۇن تۈزۈم، توختام ۋە پۈتۈم ئىشلىرىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى، قېلىپلاشقانلىقى ۋە خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشىنىمىز. شۇڭا، تەتقىقاتچىلارغا ئاز ـ تولا ياردىمى بولۇپ قالار دېگەن مەقسەتتە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن بۇ خىلدىكى ھۆججەتلەرنى ئەسلىي قوليازمىسى، ترانسكرىپسىيىسى ۋە يەشمىسى بىلەن بىللە نەشرگە تەييارلىدۇق.

## رۇزى ئاخۇندنىڭ ئوغلى ھاتەم موللىنىڭ يۇرتدىشى ھاشىم ئاخۇندنىڭ ئوغلى ھامۇت رۇسۇلدىن كۈمۈش قەرز ئالغانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت

ترانسكرىپسىيىسى:

تەئرىخقە بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە توققۇز ماھى زۇلھەججەنىڭ ئون يەتتەسى كۈنى ئېردى. مەنكى خوتەن قاراقاش تابىئەسى تۆرت كەنتىدىن رۇزى ئاخۇند ۋەلەدى ھاتەم موللادۇرمەن. ئىلە مەھكەمەئى شەرئىيدە ھازىر مۇخەيىر تورۇپ، بۇ نەۋئىدە ئىقرارى سەرىھ ۋە مۇئتەبەرى شەرئىي قىلدىمكى، ھەميۇرتلۇغۇم ھاشىم ئاخۇند ۋەلەدى ھامۇت رۇسۇلدىن سەككىز سەر ئاق كۈمۈش قەرزى ھەسەنە ئالدىم. مەزكۇر كۈمۈشنى ھەر ۋاقىت، ھەر زەمان، ھەر جايدا، ھەر ماكاندا، خاھ ئىلەدە ۋە خاھى خوتەندە، خاھ



شەرىئەتتە ۋە خاھى ھۆكۈمەتتە مەندىن تەلەب قىلسا، بىلا ھۆججەت ۋە بىمەناقەشە بەرمەكچى بولدۇم دەپ شۇبۇ سۆزۈمنىڭ خىلاف بولماسلىغىغە شەرىئەتى غەررانىڭ مۆھرى كىراملارىنى باستۇرۇپ، خەتتى مۆھرىي تەسلىم قىلدىم.

ھۇززارۇل – مەجلىس: تالىب موللام، قارا خاجە، جۇمئە ئاخۇندلار گۇۋاھ – شاھدلاردۇر.

يەشمىسى:

تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە توققۇزىنچى يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى① ئىدى. مەنكى خوتەن قاراقاشقا تەۋە تۆرت كەنتىدىن روزى ئاخۇندنىڭ ئوغلى ھاتەم موللىدۇرمەن. ئىلى شەرئى مەھكىمىسىدە يۈز تۇرانە ۋە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن تۇرۇپ ئىشەنچلىك ھالدا ئېتىبارلىق شەرىئەتتە شۇنداق ئىقرار قىلدىمكى، بىر يۇرتلۇقۇم ھاشىم ئاخۇننىڭ ئوغلى ھامۇت رۇسۇلدىن سەككىز سەر ئاق كۈمۈش قەرزى ھەسەنە (ئۆسۈمسىز قەرز) ئالدىم. مەزكۇر كۈمۈشنى ھەر ۋاقىت، ھەر زامان، ھەر جايدا، ھەر قانداق ماكاندا، مەيلى ئىلىدا ۋە مەيلى خوتەندە، مەيلى شەرىئەتتە ۋە مەيلى ھۆكۈمەتتە مەندىن تەلەپ قىلسا، ھۆججەتسىز ۋە تالاش – تارتىشسىز بەرمەكچى بولدۇم دەپ، مۇشۇ سۆزۈمنىڭ ئەكسىچە بولماسلىقى ئۈچۈن پارلاق شەرىئەتنىڭ مۇبارەك مۆھۈرلۈك خەت قىلدۇرۇپ بەردىم.

گۇۋاھچىلار: تالىب موللام، قارا خاجە، جۇمئە ئاخۇنلار گۇۋاھ – شاھىددۇر.

## نىياز خوجىنىڭ شېرىكى توختە خوجىگە بەش ئىشكلىك ئۆي، بەش ئۆيلۈك سەھنە ۋە بىر دەرۋازىسىنى قوشۇپ ساتقانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت

ترانسكرىپسىيسى:

تەئرىخقە مىڭ ئىككى يۈز قىرىق توققۇز تاخۇ يىلى زۇلھەججە ئايى [نىڭ] ئون توققۇزى پەنجشەنبە كۈنى نىياز خوجە ئانداغ ئىقرارى سەرىھ ۋە ئىئتىرافى شەرئىي قىلدىكىم، مەنكى نىياز خوجەدۇرمەن. شەھەر تاشى كۆھنە كەلا بازارىداقى بەش ئىشكلىك ئۆي، بەش ئۆيلۈك سەھنە، بىر دەرۋازەسى بىرلە توختە خوجە بىرلە شەرىك ئوشۇر خوجەدىن ئالىپ ئىدۇك. ئەلھال مەن نىياز خوجە قەبىل ئەز قىسمەت ئۈشبۇ مەزكۇر ئۆي، سەھنە، دەرۋازەدىن ماڭا تېگىشلىك رەسەدىمنى ئۆز رىزا ۋە رىغبەتىم بىرلە ئۆز شەرىكىم توختە خوجەغە قىرىق بەش تەڭگەگە ساتتىم. مەزكۇر قىرىق بەش تەڭگە پۇلنى بىباقى قولۇمغە ئالدىم. مېنىڭ مەزكۇر بەش ئىشكلىك ئۆي، بەش ئۆيلۈك سەھنە، بىر دەرۋازەدە ھېچ تەرىقە ھەققىم قالمادى. مەزكۇر ئۆي، سەھنەلەرنىڭ ھۇدۇدى ئەربەئەسى: مەشرىق تەرەفى راھى ئام كوچە؛ شىمال تەرەفى


① ھىجرىيە 1329 – يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 17 – كۈنى مىلادىيىنىڭ 1911 – يىلى 12 – ئاينىڭ 23 – كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

تۇردى باينىڭ ئۆيى، فاسىلە ــ تام؛ يەنە ئەگرىمدە مەشرىق تەرەفى تۇردى باينىڭ ئۆيى، فاسىلە ــ تام؛ يەنە ئەگرىمدە جەنۇب تەرەفى تۇردى باينىڭ ئۆيى، فاسىلە ــ تام؛ يەنە مەشرىق تەرەفى راھى ئام كوچە؛ شىمال تەرەفى موللا سامساقنىڭ ئۆيى، فاسىلە ــ تام؛ مەغرىب تەرەفى فەسىل؛ جەنۇب تەرەفى مۇھەممەد سەيىيدنىڭ ئۆيى، فاسىلە ــ تام.

ھۇززارى مەجلىس: ئەبدۇقادىر، رەھمەت سوفى، توختە يۇسۇف، قۇتلۇغ باي، موللا ئەۋەز

**يەشمىسى:**

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز قىرىق توققۇز توخۇ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون توققۇزى پەيشەنبە كۈنى① نىياز خوجە شۇنداق ئىشەنچلىك ئىقرار ۋە شەرىئەتتە ئېتىراپ قىلدىمكى، مەن نىياز خوجىدۇرمەن. شەھەر تېشى كونا كالا بازىرىدىكى بەش ئىشىكلىك ئۆي، بەش ئۆيلۈك ھويلا ۋە ئۇنىڭ بىر دەرۋازىسىنى قوشۇپ توختى خوجە بىلەن بىللە شېرىكلىشىپ ئوشۇر خوجىدىن ئالغانىدۇق. ئەمدى مەن نىياز خوجا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىنكى مەزكۇر ئۆي، ھويلا، دەرۋازىدىن ماڭا تېگىشلىك بولغان ئۈلۈشۈمنى ئۆز رازىلىقىم ۋە مايىللىقىم بىلەن ئۆز شېرىكىم توختى خوجىغا قىرىق بەش تەڭگىگە ساتتىم. مەزكۇر قىرىق بەش تەڭگە پۇلنى قولۇمغا تولۇق تاپشۇرۇپ ئالدىم. مېنىڭ مەزكۇر بەش ئىشىكلىك ئۆي، بەش ئۆيلۈك ھويلا ۋە بىر دەرۋازىدا ھېچقانداق ھەققىم قالمىدى.



مەزكۇر ئۆي، سەھنىلەرنىڭ تۆت تەرەپ چېگرىسى: شەرق تەرىپى ئاۋام ماڭىدىغان كوچىغا تۇتاش؛ شىمال تەرىپى تۇردى باينىڭ ئۆيى، پاسىل ــ تام؛ يەنە ئەگرىمدە شەرق تەرىپى تۇردى باينىڭ ئۆيى، پاسىل ــ تام؛ يەنە ئەگرىمدە جەنۇب تەرىپى تۇردى باينىڭ ئۆيى، پاسىل ــ تام؛ يەنە شەرق تەرىپى ئاۋام ماڭىدىغان چوڭ يول، شىمال تەرىپى موللا سامساقنىڭ ئۆيى، پاسىل ــ تام؛ غەرب تەرىپى پاكار تام؛ جەنۇب تەرىپى مۇھەممەد سەيىيدنىڭ ئۆيى، پاسىل ــ تام.

گۇۋاھچىلار: ئابدۇقادىر، رەھمەت سوفى، توختى يۇسۇف، قۇتلۇغ باي، موللا ئەۋەز

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

① ھىجرىيە 1249 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 19 ـ كۈنى مىلادىيىنىڭ 1833 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

# ھىجران سېلى ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈك

نۇرباي ئابدۇلھەكىم

ئۆزبېكچىدىن ئاغدۇرغۇچى: ئابلەت ئابدۇقادىر

## 1

فۇرقەت يەكەن (ياركەند)گە 1893 - يىلى سېنتەبىر (ھىجرىيە 1311 - يىلىنىڭ رەبىئۇل - ئەۋۋەل ئېيى)دە كەلگەن. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئۆزى «... رەبىئۇل - ئەۋۋەل ئايىنىڭ ئەۋۋەلىدە ياركەند ۋىلايىتىگە كەلدىم»① دەپ يازىدۇ. شائىر ھاياتى ۋە ئىجادىنىڭ يەكەن دەۋرىگە ئائىت ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ فۇرقەتشۇناسلىقنىڭ راۋاجىدىكى ئەھمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا تەكىتلەش كېرەككى، بۇ مەسىلە ھازىرغىچە يېتەرلىك دەرىجىدە تەتقىق قىلىنمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەزكۇر تەتقىقاتلاردا شۇ دەۋر مەپكۇرىسى تەلىپى بىلەن شائىر ھاياتى ۋە ئىجادىنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىنى تولۇق يورۇتۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان.

فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھاياتى ۋە ئىجادى ھەققىدە ئەڭ كېيىنكى تەتقىقات پروفېسسور ن. كەرىموفنىڭ «ياركەنت ئەسىرى» ناملىق ماقالىسىدۇر. ماقالىدە فۇرقەت ھاياتى ۋە ئىجادىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم تەرەپلىرى ھەققىدە دىققەتكە سازاۋەر مەلۇماتلار بېرىلگەن. فۇرقەتنىڭ «كاشكۇل» دەپ ناملانغان كۈندىلىك دەپتىرى ھەققىدىكى پىكىرلەر، نۇرمۇھەممەد مۇھەممەديۇسۇپنىڭ شائىر ھاياتى ۋە ئىجادى ھەققىدىكى خاتىرىلىرى ۋە تەھلىلى شۇلار جۈملىسىدىندۇر. لېكىن، ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن موسكۋالىق تۈركشۇناس ئەدھەم تېنىشېفنىڭ كىتابىدىكى كۆپ قىسىم پىكىرلەر مۇنازىرىلىكتۇر. جۈملىدىن، فۇرقەتنىڭ كىچىك ئوغلى نادىرجاننىڭ 1956 - يىلى 43 ياشقا تولغانلىقى، تىككۈچىلىك شىركىتىدە تىككۈچى بولۇپ ئىشلىشى ھەققىدىكى ئە. تېنىشېف مەلۇماتىنىڭ ھەقىقەتكە مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى پروفېسسور ن. كەرىموفنىڭ ئۆزىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ن. كەرىموف: «ئالىمنىڭ ئاخىرقى مەلۇماتى گۇمانلىق، چۈنكى ئەگەر نادىرجان 1956 - يىلى 43 ياشقا كىرگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئاتىسى ۋاپاتىدىن كېيىن — 1913 - يىلى تۇغۇلغان بولۇپ چىقىدۇ» دەپ يازىدۇ.

تېنىشېف خاتىرىلىرىدە يېزىلىشىچە: «زاكىرجان 22 يېشىدا قەدىرىدان شەھىرى قوقاندىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى». ۋەھالەنكى، فۇرقەتنىڭ ئۆزى «ئەھۋالات»تا «چۈن ياشىم سائەتى ئۆمر شەب - روزىدە يىگىرمە تۆرت شۇمارىغە يەتتى، ئول ۋەقت قوقەند ۋىلايەتىگە فازىلۇ رەسا تەبئ كىشىلەر بىرلە ئىتتىھاد ئەيلەپ، ئۇلارنىڭ سۆھبەتىدىن كۆپ بەھرەلەر تاپتىم» دەپ يازغانكى، ئۇنىڭ 22 يېشىدا

قوقەنددىن چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

موسكۋالىق تۈركشۇناسنىڭ فۇرقەت «ئۈچ قېتىم ھەجگە بېرىپ، ئىككى يىل ھىندىستاندا، بىر يىل ئافغانىستاندا ياشىدى» دېگەن پىكرىمۇ توغرا ئەمەس. ئارخىپ مەلۇماتلىرى شائىرنىڭ ھەجگە ئۈچ قېتىم ئەمەس، بىر قېتىم بارغانلىقىنى، ھىندىستاندا ئىككى يىل ئەمەس، تىبەت سەپىرىنىمۇ قوشقاندا بىر يىل بىر ئاي ياشىغانلىقىنى، ئافغانىستانغا بولسا بارمىغانلىقىنى تەستىقلايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئەدھەم تېنىشېۋ فۇرقەتنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمىنى رەيھان دەپ ئاتايدۇ. ۋاھالەنكى، يەكەننىڭ رەسمىي مەمۇرىيىتى — يەكەن ۋىلايىتى خەلق كومىتېتىنىڭ «گۈلخان» ژۇرنىلى رېداكسىيىسىگە 1958 - يىلى 18 - ئاۋغۇست يېزىپ ئەۋەتكەن مەكتۇپىدىمۇ، كۆپ يىللاردىن بۇيان فۇرقەت مىراسى ئۈستىدە ئىلمىي ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىۋاتقان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا شائىرنىڭ «تاللانما ئەسەرلىرى»نى نەشر قىلدۇرغان يەكەنلىك ئالىم نىمەتۇللا ئۇبەيدۇللانىڭ تەتقىقاتىدىمۇ فۇرقەتنىڭ خوتۇنى رەناخان ئىسىملىك ئايال ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

مانا بۇلارنىڭ ئۆزى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، ئە. تېنىشېۋ كەلتۈرگەن مەلۇماتلار فۇرقەتنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشتە ئاساس بولالمايدۇ.

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەلىشىر نەۋائىي نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيى فۇرقەت فوندىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پوقراسى فىردەۋس ئەزىزىنىڭ شائىر ھاياتى ۋە ئىجادىنىڭ يەكەن دەۋرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگۈچى مەكتۇپلىرى ساقلاندى. مەكتۇپلار ئۇيغۇر تىلىدا، ئەرەب يېزىقىدا بولۇپ، ئۇلاردا مۇئەللىپ فۇرقەتنىڭ يەكەندىكى پىكىرداش دوستلىرى — تەجەللىي، شېرىپ ئاخۇن، ئابدۇرەھىم ئاخۇن، باباجان ھاجىم، مۇھەممەد قارى ھاجى، ئۆمەر ھاجى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن.

فىردەۋس ئەزىزىنىڭ يېزىشىچە: «فۇرقەت ھەر ھەپتىنىڭ سەيشەنبە كۈنى ئۆمەر ھاجىمنىڭ ئۆيىدە ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرىغا تەلىم بەرگەن. چارشەنبە كۈنى ئۇلپەتلەر يىغىلىپ، ئۆمەر ھاجىنىڭ بېغىدا ياكى شەھەر ئىچىدىكى باشقا بىرەر جايدا كۆڭۈل ئېچىش قىلىپ، شېئىر ئوقۇشۇپ، تەمبۇر چېلىشىپ ئولتۇرغان. جۈمە كۈنىدە فۇرقەت ئاغىنىلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى باغلارغا چىقىپ، بەزمە قىلىشىپ ئولتۇرۇشقان. باشقا كۈنلىرى دۇكاندا كېسەل داۋالاش بىلەن بولغان. جۈمە كۈندىكى ئولتۇرۇشتا تىل، ئەدەبىيات ۋە دىنىي مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە ئىلمىي بەس - مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلغان. شۇنداق سۆھبەتلەردە فۇرقەت يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بەرسە، كىشىلەر كۆچۈرۈۋالغان ۋە ياد ئېلىپ ناخشا قىلىپ ئوقۇغان. فۇرقەت پارس ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى ئوقۇغانلىقى ۋە پارس تىلىنى مۇكەممەل بىلگەنلىكى ئۈچۈن، شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرىغا ئەڭ يېقىن شېئىرىي كىتاب دەپ ھېسابلىغان «دىۋانى مىرزا بېدىل» دېگەن كىتابنىڭ چۈشىنەلمىگەن يەرلىرىنى فۇرقەتتىن سوراشقان. فۇرقەت ئۇلارغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويغان».

فۇرقەتنىڭ يەكەندىكى ئىلمىي - ئىجادىي پائالىيىتى — چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇ شەھەردە ياشاش جەريانىدا شائىر ۋە ساخاۋەت ئىگىسى، پۇبلىست خەتتات، تېۋىپ ۋە ئالىم سۈپىتىدە شۆھرەت قازاندى.

فۇرقەت يەكەندە ياشاش جەريانىدا، شېئىرىيەت بىلەن جىددىي شۇغۇللىنىدۇ. كامالەتكە يەتكەن نەزمىي ئەسەرلەرنى يارىتىدۇ. شائىرنىڭ بۇ دەۋرى شېئىرىيەتتە غۇربەت ئاھاڭلارنىڭ ئۈستۈنلۈك

ئىگىلىگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدىكى غېرىب، ئىت (ئاداشقان، ئاۋارە ئىت)، گۈل، غۇنچە، لالە (سەھرا يۇزىدىكى لالە)، بۇلبۇل (بوستاندىن، پىغاندىن ئاداشقان بۇلبۇل) كەبى ئوبرازلار مۇئەييەن بىر زەنجىر كەبى ئورگانىك باغلىنىشلارنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلار لىرىك قەھرىمان روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەشتە ئومۇملاشما ۋاستىلەر سۈپىتىدە ئالاھىدە ئورۇننى تۇتىدۇ.

بۇ يەردە مەسىلىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپىگە ئېتىبار بېرىش زۆرۈرلۈكى سېزىلىدۇ. مەلۇمكى، شېئىرىيەت ئىلمىدە ئوبراز ئاساسىي شەرتلەردىن بىرى. لېكىن مۇكەممەل بەدىئىيلىك ئۇچۇن يالغۇز شۇلا كۇپايە قىلمايدۇ. شائىر ئۆزى ئىستىگەن ئوبرازنى تاللىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇنى بەدىئىي تەسۋىر ۋاستىلىرى ئارقىلىق تەسىرچان، يارقىن ئىپادىلەپ بېرەلمىسە، بۇ ئوبراز رەڭسىز، سىياسىز، ئاددىي پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. فۇرقەت لىرىكىسىدا ئوبراز ۋە بەدىئىيەت شۇ دەرىجىدە ئۇيغۇنلۇقتا ئېرىشكەنكى، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مۇنۇ ئوبرازلار زەنجىرى تەھلىلىمۇ پىكرىمىزنى تەستىقلايدۇ.

مەنەم شورىدە بۇلبۇل بوستاندىن ئاداشقانمەن،
يۈزى گۈل، قامەتى سەرۋى رەۋاندىن ئاداشقانمەن.
غەمى كويىدە غۇربەت خانۇ ـ ماندىن ئاداشقانمەن،
ۋەيا بىر مۇرغى ۋەھشىي ئاشىياندىن ئاداشقانمەن.

«بوستاندىن ئاداشقان بۇلبۇل»، «خانۇ ـ ماندىن ئاداشقان غېرىب»، «قامەتى سەرۋى راۋاندىن ئاداشقان يۈزى گۈل (يار)» ــ لىرىك قەھرىمان ئىزتىراپىنىڭ بەكمۇ ئېغىر ئىكەنلىكى تەسىرلىك، يارقىن ئىپادىلەنگەن ئوبرازلار. چوڭقۇر مەزمۇنىنىڭ ماسلىق (بۇلبۇل، بوستان)، ئوخشىتىش (يۈزى گۈل قامىتى سەرۋى راۋان) سەنئەتلىرى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى مەزكۇر ئوبرازلار ماھىيىتىنى شېئىرىي ئومۇملاشتۇرۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

ئۇشبۇ بەندىدە دىققىتىمىزنى تارتىدىغان يەنە بىر تىمسال بار: «ئاشىياندىن ئاداشقان مۇرغى ۋەھشىي!». سوئال تۇغۇلىدۇ: نېمە ئۇچۇن مۇرغى ۋەھشىي؟ ئاخىر قۇشلارنىڭ تۇرى كۆپىقۇ؟ شائىر ۋەھشىي بولمىغان قۇش ئوبرازىنىمۇ تاللىشى مۇمكىن ئىدىغۇ؟ بىزنىڭچە، بۇنىڭدا شائىر دىققىتىنى ئوبرازنىڭ يارقىن، تەسىرلىك بولۇشىغا قاراتقان.

غېرىب كىم؟ غۇربەت سۆزىنى شائىر قايسى مەنىدە ئىشلەتكەن؟ كۆپ ھاللاردا بۇ سۆزلەر بىرلا ــ ۋەتەندىن جۇدالىق مەنىسىگە ئۇرغۇ بېرىپ كەلگەن. ۋەھالەنكى، بۇ شەرتلىك ئىبارىنىڭ مەنىسى تولىمۇ كەڭ.

تەسەۋۋۇپقا ئائىت «مىرئاتى ئۇششاق» لۇغىتىدە «غۇربەت» ــ جانان ھەرەمىدىن دىلۇ جاننىڭ يىراقلىششى؛ پاكلىق ئالەمىدىن ئاجرىلىپ نەفسى شەررىن يېقىن بىلمەك، ـ دەپ شەرھىيلەنگەن. سەيىد سەجادىي پىكرىچە، بۇ شەرتلىك ئىبارە ئۈچ خىل مەنىدە كېلىدۇ: «1. ۋەتەندىن جۇدالىق غۇربەتى. 2. جاھىل ۋە پاسىق قەۋم ئارىسىدا مەجبۇرەن، يەنى غەيرى ئىختىيارى رەۋىشتە ئولتۇرغان ئادەم غۇربەتى. 3. غۇربەت ــ ھەق تەلەبى بولۇپ، بۇ ــ ئارىفنىڭ غۇربەتى، شۇڭا ئارىفنىڭ ھىممىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەشھۇردۇركى، ئۇ ئاخىرەت ئەھلى ئارىسىدىمۇ غېرىبدۇر». بىزنىڭچە، فۇرقەت شېئىرىيىتىدىكى غۇربەت ئاتالغۇسى بۇ ئۈچ خىل مەنىنىڭ ھەممىسىدە قوللىنىلغان. ئۇنى فۇرقەتنىڭ ۋەتەن جۇدالىقى بىلەنلا ئىزاھلاش بىرتەرەپلىمىلىك بولاتتى. مۇخەممەسنىڭ تۆۋەندىكى بەندى ئىپادىلىگەن مەزمۇنىمۇ بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ:

مەلامەت ئوقلارىدىن دىلفىگارۇ سىينە چاك ئاخىر،
يىقىلدى ناتەۋانلىغ بىرلە جىسمى دەردناك ئاخىر.
خۇداغە شۇكرىكىم، كەتدىم ئانىڭ يولىدە پاك ئاخىر،
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەچ، بولۇپ بىر تۇدە خاك ئاخىر،
فەنا بادى تېگىپ نامۇ نىشانىدىن ئاداشقانىمەن.

مەزكۇر مىسرالار ماھىيىتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، فۇرقەت شېئىرىيىتىدە ئاساسەن ھەق تەلەپىدىكى ئارىفنىڭ غۇربىتى ئىپادىلەنگەن. شۇڭا «مالامەت ئوقلىرىدىن دىلفىگارۇ سىينە چاك بولغان دەردناك جىسمىنىڭ ناتىۋانلىق بىرلە يىقىلىشى، خۇدانىڭ يولىدا پاك بولۇپ، مۇھەببەت ئوتىدا بىر ئوچۇم خاكقا ئايلىنىشى، فەنا بادى تېگىپ، نامۇ نىشانىدىن ئاداشماق!» — بۇلار تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ ئارزۇسى. «مالامەت ئوقلىرى»، «مۇھەببەت ئوتى»، «فەنا بادى» ئىستىئارەلىرىمۇ ئۇشبۇ پىكىرنى تەستىقلايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن فۇرقەت شېئىرىيىتىدىكى «غېرىب» ئوبرازى، «غۇربەت» ئاتالغۇسى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭدا ۋەتەندىن جۇدالىق مەنىسىمۇ بار. لېكىن، بۇ شەرتلىك ئىبارىنى شائىرنىڭ ئانا يۇرتىدىن ئۇزاقتا ياشىغانلىقى بىلەنلا ئىزاھلاش توغرا ئەمەس. چۈنكى، فۇرقەتنىڭ زاماندىشلىرى — كەمىي ۋە زارىي ۋەتەندە ياشىغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى غۇربەتتە دەپ ھېسابلاشقان، شۇنىڭ ئۆزىلا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ تولىمۇ كەڭ ئىكەنلىكىنىڭ، شېئىرىيەت ئەھلىنىڭ بۇنى دائىم نەزەردە تۇتقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

جۈملىدىن، كەمىي شۇنداق يازىدۇ:

ئەھۋالىمى سورغۇدەك كىشى يوق،
ئۆز شەھرىم ئارا غەرىب ئېكەنىمەن.

زارىي ئىجادىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان مىسرالار مەۋجۇت:

بۇ يەردە زارىي ئەھقەرنىڭ ئەلگە ئېتىبارى يوق،
مۇسافىردەك يۈرۈرمەن مۇندا، گەرچە ئۆز دىيارىمدۇر.

فۇرقەت شېئىرىيىتىدىكى ئىت ئوبرازى، باشقىلارغا قارىغاندا، ئالاھىدە تەتقىقاتلارنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئوبراز ماھىيەت جەھەتتىن «غېرىب» ئوبرازى بىلەن ئۇيغۇن. مەزكۇر مۇخەممەسنىڭ يەنە بىر بەندىدە شۇنداق مىسرالار بار:

يۈگۈرسەم ھەر تەرەپكە، ئەيب قىلماڭلار، بۇ ۋادىيدە،
مىسالى تەلبە ئىتمەن، كارۋانىدىن ئاداشقانمەن.

«ۋەتەنىدىن ئايرىلىش زۇرۇرىيىتى» دەپ يازىدۇ مەخسۇت شەيخزادە، «فۇرقەتنىڭ ئىدراك ۋە چۈشەنچىسىدە ھەقىقىي پاجىئە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى، دېسە يېڭىلىشمەيمىز. دەرھەقىقەت كىشى ۋۇجۇدىدا ئەندىشە، ئىزتىراپ ۋە چوڭقۇر غەلىيان يالقۇنى قايسى دەرىجىدە لاۋۇلدىمىقى لازىمكى، شائىر ئۆز سەرگەردانلىقىنى ئاۋارە ئىتنىڭ لاملىقىغا ئوخشىتىپ قويسا؟! بۇنداق بىر ئوخشىتىشقا بېرىپ يېتىش ئۈچۈن شائىر چوڭقۇر مەنىۋى مۇسىبەتكە چۆلغانغان بولۇشى كېرەك، ئاخىر!»②.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، شەيخزادە ئىت ئوبرازىنى ۋەتەنىدىن جۇدالىق ئىپادىسى سۈپىتىدە تەلقىن ئەتكەن. بۇ توغرا. لېكىن، بۇ پەقەت زاھىرىي مەنا، خالاس. مۇخەممەسنىڭ مەزكۇر بەندىدە، خۇسۇسەن، تەلۋە ئىت ئوخشىتىشىدا، بۇنىڭدىن تاشقىرى، باتىنىي مەنامۇ باركى، ئۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

ئىمام غەززالىينىڭ «دەقايىقئۇل ـ ئەخبار» ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھەدىس كەلتۈرۈلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتىلار: ‹مۆمىن كىشىگە لايىق ۋە مۇناسىپ شۇكى، ئۇنىڭ خۇلقى ۋە ئادىتى ئىتنىڭ خۇلقى ۋە ئادىتىدەك بولغاي. ئىتنىڭ بەش ئىبرەتلىك خۇلقى باردۇر. بىرى شۇدۇركى، دائىم ئاچ بولۇر، لېكىن قانائەت قىلۇر. بۇ تەرىقە ئاچلىقتا قانائەت قىلماق سالىھ بەندىلەرنىڭ خۇلقىدۇر. ئىككىنچىسى شۇكى، ئىتنىڭ ماكانى بولماس ۋە خىلۋەتلەردە ياتۇر. بۇ تەرىقە ماكانسىزلىق سالىھلار خۇلقىدۇر. ئۈچىنچىسى شۇكى، ئىت كېچىسى ئۇخلىماس. بۇ تەرىقە بىدارلىق سالىھلار خۇلقىدۇر. تۆتىنچىسى شۇكى، ئىتنىڭ ئەۋلادىغا مىراس قالدۇرىدىغان مېلى بولماس. دۇنيا مۇھەببىتىنى بۇ تەرىقە تەرك ئەتمەك سالىھلار خۇلقىدۇر. بەشىنچىسى شۇكى، ئىت ھەرگىز ئىگىسىنىڭ ئىشىكىدىن كەتمەس. بۇ تەرىقىدە ۋاپا قىلىپ، پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلماقمۇ سالىھلارنىڭ خۇلقىدۇر›».

مەلۇم بولىدىكى، يىلتىزى ئىسلام مەنىۋىيىتىدىن، تەسەۋۋۇپ مەرىپىتىدىن ئوزۇقلانغان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى، جۈملىدىن، ئۇنىڭ زەبەردەس ۋەكىللىرىدىن بىرى شائىر فۇرقەت ئىجادىدىكى ئىت ئوبرازى چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، مۇخەممەستىكى كارۋانىدىن ئاداشقان تەلۋە ئىت ئىزتىراپىنىمۇ ئەنە شۇ مەنادا چۈشەنمەك كېرەك. شائىر بىر غەزىلىدە شۇنداق يازىدۇ:

ئەل ئۇخلامادى ئىتلارى غەۋغاسىدە بىر تۈن،
دادىم ئۇنىدىن ئىتلارى بىدار ئىشىگىدە.

تۆۋەندىكى مۇسەببەئ مەزمۇنىمۇ شائىرنىڭ ئۆز پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ئىپادىلەشتە ئىت ئوبرازىدىن نەقەدەر ئۇنۇملۇك پايدىلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ:

مۇئتەبەر كۆز ياش ھەق نەزدىدە دۇررى نابدىن،
ھەم لىباسى فەقر بىھتەر شال ئىلە سەنجابدىن،
بىستەرى قالىندە راھەت بىرلە كۆرگەن خابدىن

كويى ئۇزلەت بورىياسى خۇبدۇر ھەر بابدىن،
بار ئېمىش بىر كۇن ئەزابى، ۋەھم قىل ۋەھھابدىن،
ئەھلى دۇنيا سۇھبەتى ئىچرە شەرابى نابدىن،
ئىت يالاقى ئىچرە ئىچگەن قىپقىزىل قان ياخشىراق.

ئىت ــ ۋاپا تىمسالى. شۇنىڭ ئۇچۇن، شائىرنىڭ نەزىرىدە، ئەھلى دۇنيا ــ يەنى، دۇنياپەرەستلەر سۆھبىتىدە شارابى ناب ــ قىزىل مەي ئىچكەندىن كۆرە، ئىت يالىقىدىن قان ئىچكەن ئەۋزەلرەك! «ئىت، يالاق، قان سۆزلىرى ھاسىل قىلغان ماسلىق بەدئىيلىكنى تەمىنلەشتە ئالاھىدە ئورۇننى تۇتقان. چۈنكى ئەھلى دۇنيادىن ۋاپا كۈتۈپ بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى، قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، دۇنيا ماتالىرىغا ئىگە بولۇش. ئۇلار مەنپەئەت يولىدا ھەرقانداق پەسكەشلىكتىنمۇ يانمايدۇ.
مانا، فۇرقەت نەزەردە تۇتقان ھايات پەلسەپىسى. بۇ يەردە «شارابى ناب» ۋە «قىزىل قان» ــ سىمۋول. جۈملىدىن، «شەرابى ناب»دا ئومۇمەن دۇنياپەرەستلىك، ھېرىسۇ ـ ھەۋەس مەنىلىرى مەۋجۇت.
بۇنداق دۇنيا قاراش پەقەت فۇرقەتكىلا خاس بولغان ئەمەس. ئەسلىدە شائىر بۇنى ئۇلۇغ كلاسسىكلاردىن ئۆگەنگەن. «لىسانۇت ـ تەير»نىڭ «خاجە بەھائۇددىن سۆزى فەنايى كامىل مەقامىدا» دەپ ناملانغان پەسلىدە نەۋائىي شاھ نەقشبەند نامىدىن شۇنداق سۆزلەرنى كەلتۈرىدۇ:

كۆردى تاپقاچ نىسبەت ئايىنىن تۇزە،
ئىت ئاياغىنىڭ ئىزىن تۇفراغ ئۈزە.
دېدى: «مەن ئارتۇغ ئېكەنمۇ يا بۇ ئىز؟»
يانە ئۆزى دېدى: «كەي ئىنسافسىز،
ئول ۋەفا ئەھلى ئاياغىدىن نىشان،
سەن ۋەفاسىزلىق سارى دامەنكەشان».
خەتم قىلدى چۈن بۇ مەئنىگە سۆزىدىن،
يەر ئۆپۈپ ئول ئىز ئۈزە قويدى كۆزىن.

شۇڭا، ئۆزىنى ئويلاشتىن قۇتۇلۇش، نەفسىنى ئۆلتۈرۈشى ــ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ مۇھىم قائىدىسى، سالىككە قويۇلىدىغان باش شەرت. شۇ جەھەتتىن، فۇرقەت شېئىرىيىتىدىكى ئىت ئوبرازىمۇ خۇددى غېرىب ئوبرازىغا ئوخشاش بىر قانچە مەنا قاتلاملىرىغا ئىگە. شائىر ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەندە بۇنى ھەر دائىم ئېتىبارغا ئېلىش زۆرۈر بولىدۇ.
فۇرقەت شېئىرىيىتىدىكى لالە، غۇنچە، گۇل، بۇلبۇل تىمساللىرىمۇ يۇقىرىدىكى ئوبرازلارغا چەمبەرچاس باغلىق.

بەگزەر نېچۈك رۇھگە سەھرا يۈزىدە لالە،
قالغان قەزا چۆلىدە بىر قان يۇقى پىيالە.

تەخمىنەن بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بېرى، فۇرقەت لىرىكىسى مانا شۇ تەرزدىكى گۈزەل،

بى تەكرار ئوخشىتىشلىرى، چوڭقۇر پەلسەپۋى مەزمۇن ـ ماھىيىتى بىلەن شېئىرىيەت ئاشىقلىرىنى ھەيرەتكە سېلىپ كەلمەكتە. «ئاداشقانمەن» رادىپلىق مۇخەممەسىدىكى مانا بۇ مىسرالارغا نەزەر سالايلى:

قىلىپ ياد ئۆتكەن ئۆمرۈمنى چەمەن ئابى رەۋانىدىن،
مۇھەببەتنامەلەرنى ياد ئالىپ سەۋسەن زەبانىدىن،
تىكەن زەخمىنى ئاڭلاپ غۇنچەنى قانلىغ دەھانىدىن،
ئوقۇپ گۈل دەفتەرىنى بىر ۋەرەق فەسلى خەزانىدىن،
جەھان باغىدا بۇلبۇلدەك فىغانىدىن ئاداشقانمەن.

بۇ بەندتىكى شېئىرىي ئوخشىتىشلار فۇرقەت شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن نەقەدەر كامالەتكە يەتكەنلىكىگە يەنە بىر دەلىل. چەمەندىن ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان سۇ شائىرغا ئۆتكەن ئۆمرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، تەبىئەتنىڭ ھەر بىر زەررىسى — مۇھەببەت تىمسالى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھەرىكەتكە كېلىپ ئۆز ياراتقۇچىسىنى زىكىر ئېتىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن شائىر سەۋسەن تىلىدىن مۇھەببەتنامىلەرنى ياد ئالىدۇ. غۇنچىنىڭ «دەھانى قانلىغ» ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى تىكەن يەتكۈزگەن ياردىن، دەپ بىلىدۇ. (بۇ ھۆسنى تەئلىل سەنئىتىنىڭ نادىر نەمۇنىسى) خازان پەسلىنى كۆزەتكەندە، ئۇنىڭدىن «گۈل دەپتىرىنى ئوقۇيدۇ». يەنى، گۈلنىڭ خازان بولۇشىدىن ئاۋۋالقى ھالىنى كۆزىتىدۇ. ئۆز ئەھۋالى روھىيىتىنى بولسا پىغانىدىن ئاداشقان (ئايرىلغان) بۇلبۇلغا ئوخشىتىدۇ.

بۇ ئوخشىتىشتىن تەسىرلەنگەن مەقسۇد شەيخزادە مۇنداق يازىدۇ: «‹پىغانىدىن ئاداشقان بۇلبۇل›، ئۇنى، سايراش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، چارىسىز بولۇپ قالغان بۇلبۇل! نەقەدەر چوڭقۇر، مەنىلىك ۋە تەسىرلىك ئوبراز!»

دەرھەقىقەت، فۇرقەت شېئىرىيىتى «چوڭقۇر، مەنىلىك ۋە تەسىرلىك ئوبراز»لارغا باي، مەزكۇر ئوبرازلار تۈركۈمى، بىرىنچىدىن شائىر دۇنيا قارىشى، ئېتىقادىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئىككىنچىدىن، فۇرقەت نەزمىي مىراسى پوئېتىكىسىنىڭ يېتەكچى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن. شۇ جەھەتتىن ئۇلار شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتى سىرلىرىنى ئۆگىنىشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

2

فۇرقەتنىڭ پۇبلىستىك ماقالىلىرىدا زامانىسىنىڭ ئەڭ كەسكىن مەسىلىلىرى كۆتۈرۈپ چىقىلغان. شۇنىڭدەك، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا دائىر چوڭقۇر پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پروفېسسور ئا. ئابدۇغەپوروۋنىڭ پىكرىچە: «زاكىرجان فۇرقەت ئۆزبېك ئەدەبىياتى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ زامانىۋى مەنىدىكى پۇبلىستىكىغا ئاساس سېلىپ، ئەينى زاماندا، ئۇنىڭ كەڭ تېماتىك دائىرىسىنىمۇ بەلگىلەپ، دەۋرنىڭ ئاكتۇئال سىياسىي مەسىلىلىرىنى ئىلغار چۈشەنچىلەر ۋە خەلقچىل پوزىتسىيەدىن يورىتىش ساھەسىنىمۇ باشلاپ بەردى»③.

ئالايلۇق، «گېزىت مۇئەللىپىگە كىرەككىم، — دەپ يازىدۇ فۇرقەت، — ئىنسانپەرۋەر ۋە راستگۆي

بولغاي. نالايىق ۋە نامۇناسىپ سۆزلەرنى گېزىتكە ئالمىغاي ۋە يازغان كەلامىدىن گېزىت ئوقۇغۇچىلارغا نەفئى ۋە پايدا ھاسىل بولغاي. ئەگەر بىر ھېكايەت يازسا ئۇنىڭ نىگىزىدە بىر پايدىلىق مەزمۇن بولغاي. تاشقى ۋە ئىچكى ئەھۋالاتىدىن يازسا، ئەدل ۋە ئىنساپ يۈزىدىن راستلىق بىرلە يازغايكىم، ئېتىبار ۋە ماختاشقا لايىق بولسۇن».

تەكىتلەش ئارتۇقچە ئەمەسكى، ئۆزبېك مەتبۇئاتچىلىقى ئەمدىگىنە شەكىللىنىۋاتقان بىر زاماندا ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر، ئارىدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر ئۆتكەن بولۇشىغا قارىماي، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى زەررىچە يوقاتقان ئەمەس. زاتەن، فۇرقەتنىڭ ئۆزى ئۇشبۇ سۆزلىرىگە ھەر دائىم ئەمەل قىلدى. شۇ سەۋەب ئۇنىڭ پۇبلىستىك ماقالىلىرى زامانىمىزغىچە قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

فۇرقەت پۇبلىستىكىسىدا ئىنسان ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىنساپ ـ دىيانەت كەبى پەزىلەتلەر تەرغىپ قىلىنىپ، يالغان ئاخبارات تارقىتىش، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك كەبى ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنغان، شۇنىڭدەك تاشقى مەملىكەتلەردىكى تۈرلۈك مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، قەدرىيەتلىرى ھەققىدىكى ئاخباراتلارغىچە بولغان كەڭ دائىرىدىكى مەسىلىلەر قەلەمگە ئېلىنغان.

3

فۇرقەتنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتى، بۇ ھەقتىكى سەمەرىلىك پائالىيىتىمۇ ئالاھىدە تەتقىقاتلارغا ماۋزۇ بولالايدۇ. مەنبەلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، فۇرقەت خەتتاتلىق سىرلىرىنى ئۆگىنىشكە بالىلىق ۋاقىتلىرىدىلا كىرىشكەن. شائىر «ئەھۋالات»تا ئۆزىنىڭ يەتتە ياشقا تولغان دەۋرى ھەققىدە ھېكايە قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: « ···خەت مەشقىنى ئۆزۈمگە لازىم كۆرۈپ، ئەتىدىن قىيامغىچە كىتاب ئوقۇپ، ئاندىن ناماز ئەسرگە يەتكۈچە مەشقى خەت قىلۇر ئىدىم».

دېمەك، فۇرقەت يەتتە ياش چېغىدىلا مۇنتىزىم رەۋىشتە خەت مەشىقى بىلەن شۇغۇللانغان، كىتاب مۇتالىئە قىلغان. ۋەھالەنكى، خەتتاتلىق سەنئىتى ھۆسنخەتنىڭ ئۆزى بىلەنلا ۋايىغا يەتمەيدۇ. ھەم مۇكەممەل ھۆسنخەت، ھەم يۈكسەك ساۋادخانلىق ــ خەتتاتلىقنىڭ مۇھىم شەرتلىرى، شائىرنىڭ توققۇز يېشىدا يازغان:

مېنىڭ مەكتەپ ئارا بۇدۇر مۇرادىم،
خەتىمدەك چىقسە ئىملايۇ سەۋادىم.

دېگەن بېيىتى ئۇنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدىلا ئىملادىمۇ، ھۆسنخەتتىمۇ مۇكەممەللىككە ئىنتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«ئەھۋالات»تا تەكىتلىنىشىچە، مۇھەممەد ئالىم ئىسىملىك ئۇستازنىڭ «خەت ئىلمىدە ناقىس»لىقى سەۋەبىدىن فۇرقەت ئون ياشقا تولغىنىدا ئۆز « ... سەۋادى تەكمىلى ئۈچۈن» «موللا قەمبەر ئەلى ناملىق بىر ماھىر خەتتات كىشىدە يەنە بىر قېتىم تەلىم ئېلىپ» ھۆسنخەت توغرىسىدىكى ئىلمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. نەتىجىدە، ئۆزىمۇ زامانىسىنىڭ ماھارەتلىك خەتتاتلىرىدىن بولۇپ يېتىشىدۇ.

فۇرقەت چەت ئەللەردە ياشىغان دەۋرىدىمۇ خەت ۋە خەتتاتلىققا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. مەنبەلەردە

بۇ ھەقتە قىممەتلىك مەلۇماتلار ساقلىنىپ قالغان. بىر قانچە مۇددەت شورا ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدا خىزمەت قىلغان قوقانلىق ئېرگەش ھاجىنىڭ فۇرقەت ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلار، شائىر ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر كۆچۈرۈلگەن قولىيازمىسىدا:

مولا زاكىرجان فۇرقەت
خەت مەشقىگە قىلدى دىققەت.

دېگەن بېيىت كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىچە ئىزاھ بېرىلگەن: «ياركەندتە ئۆزى قەلەمدانىغا زەررىن نەقىش قىلغان. شۇ قەلەمدانى زەررىننى يازدىم، لېكىن قەلەمدان ئوغلى نازىمجاندا قالدى، بەرمىدى».

بۇ مەلۇماتمۇ شائىرنىڭ خەت مەشقىگە ھەر دائىم ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. فۇرقەتنىڭ خەتتاتلىقتىكى شۆھرىتى، بۇ ساھەدە شاگىرتلارمۇ يېتىشتۈرگەنلىكى ھەققىدە فىردەۋس ئەزىزى مۇنداق يازىدۇ: «فۇرقەتنىڭ ھۆسنخېتىمۇ ناھايىتى چىرايلىق بولغان. ئۇنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتىدىن زوقلانغان بىر قانچە كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھۆسنخەت ئۆگەنگەن ئىكەن. شۇلاردىن فۇرقەتنىڭ دوستى ۋە شاگىرتى زەينۇلئابىدىنخان فۇرقەت ۋاپات بولغاندىن يىگىرمە تۆت يىل كېيىن، يەنى 1933 ـ يىلى يەركەندە يېڭى مەكتەپ ــ «مەتلەئۇل ـ ئىرفان» قۇرۇلغاندا شۇ مەكتەپتە ھۆسنخەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان».

مەزكۇر مەلۇماتلار فۇرقەتنىڭ يۇكسەك ماھارەتلىك خەتتات بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ مەنىدە، ئالىم ۋە خەتتات ئابدۇلقادىر مۇرادىينىڭ «سەنئەتكار خەتتاتلارنىڭ يازغان خەتلىرى مەنە ئىپادىلەشتىن تاشقىرى، كىشىلەرنى ھاياجانغا سېلىپ، ئۇلارغا ئېستېتىك زوق بېرىدۇ، كاتىب قەلىمىدە يېزىلغان ھەربىر خەت سەنئەت مۆجىزىسى كەبى ئۇلمەس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ»، دېگەن سۆزلىرىنى فۇرقەتكە تولىمۇ مۇناسىپ دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.

فۇرقەتنىڭ ئۆزبېكىستان مەركىزىي دۆلەت ئارخىپىدا، مەملىكىتىمىزدىكى تۈرلۈك قولىيازمىلار فوندىلىرىدا، شەخسىي ئارخىپلاردا ساقلىنىۋاتقان ئۆز قولى بىلەن يازغان خەتلىرىمۇ ئۇنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

## 4

فۇرقەتنىڭ تېۋىپ، ھېكىم سۈپىتىدىكى پائالىيىتىمۇ مەخسۇس تەتقىق قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇ تېبابەت ساھەسىدە ئۆز زامانىسىنىڭ مەلۇم ۋە مەشھۇر ئالىملىرىدىن ئىدى. «زۇبدەتۇل ـ ھۆكەما» ئۇنۋانىنىڭ ساھىبى بولغانلىقى ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى يۇكسەك سالاھىيىتىگە دەلىلدۇر. چەتئەلگە چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن فۇرقەتنىڭ تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بولمىسىمۇ، تىب ئىلمىدىن ياخشى خەۋەردار ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدىغان قىسمەن پاكىتلار بار. خۇسۇسەن، فۇرقەت خوجەندە ياشىغان مەزگىلدە، ئۇ يەردىكى ھەكىملەرنىڭ بىلىم دەرىجىسىدىن قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ يەردە ھېكمەت دەۋاسى قىلغان ھەكىملەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىمسىز دەپ بىلدىم، ئۇلار خەلقنىڭ كۆزلىرى خىيرەلىشىپ قالسىمۇ، قان ئېلىشقا مەشغۇل بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ بېھۇدە داۋالاشلىرى تۈپەيلىدى كۆپ كىشىنىڭ ساغلاملىقىغا نۇقسان

يەتمەكلىكنى كۆرۈپ يەتتىم».

خوجەندە قان – تومۇر كېسەللىكىگە ئۇچرىغان فۇرقەتنى «نەبز تەشخىسىنى بىلىشتە يېگانە» ھەكىم دوستى ھاجى ئەئزەم داۋالايدۇ. تەبىئىيكى، ھەربىر نەرسىگە قىزىقىدىغان فۇرقەت ھاجى ئەئزەم قولىدا داۋالىنىۋاتقان ۋاقتىدا، ئۇنىڭدىن تېبابەت سىرلىرىنىمۇ ئۆگىنىدۇ. فۇرقەتنىڭ تېبابەت بىلەن ئەمەلدە جىددىي شۇغۇللىنىشى ئۇنىڭ يەكەندىكى پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شائىرنىڭ يەكەندە يېزىلغان غەزەللىرىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى بېيىتمۇ بۇ پىكرنى قۇۋۋەتلەيدۇ:

ھەيف، بەش – ئالتە تەڭگە دەپ، ئۆمرۈم ئۆتەر دۇكان ئاچىپ،
دارۇ ياساپ ھەۋانچەدە كۇندە تەقىر – تۇقۇر قىلىپ.

ھەتتا بۇ دەۋردە ھەكىم ئۇنۋانى فۇرقەتنىڭ شەخسىي مۆھرىدىمۇ ئەكس ئەتكەن. جۈملىدىن، ئۇنىڭ يەكەندىن 1905 – يىلى 10 – ئىيۇلدا يوللانغان ئۆز قولى بىلەن يازغان سالام خېتىگە «ھەكىم زاكىرجان ھاجى» خېتى ئويۇلغان مۆھۈر بېسىلغان.

شىنجاڭلىق زىيالىيلاردىن فىردەۋس ئەزىزى تەرىپىدىن يوللانغان مەكتۇپتىمۇ بۇ ھەقتە قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن، ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «فۇرقەت يەركەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۈچىنچى يىلى يەكەننىڭ ئامبىلى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىنى جاراھەت بېسىپ كېتىدۇ. شۇ چاغلاردا ياۋروپاچە دوختۇرخانا ئېچىلغان ئىدى، ئامبال ئۇلارغا كۆرۈنگەن بولسىمۇ، كېسىلى ھېچ ياخشىلانمايدۇ. ئامبال فۇرقەتنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. فۇرقەت ئۇنى سىماب قوشۇلغان دورىلار بىلەن داۋالايدۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئامبال پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەن ئامبال فۇرقەتكە ئۈچ يۈز سەر تەڭگە ئىنئام قىلىدۇ ۋە شەھەر سىرتىدىكى ھۆكۈمەت يېرىدىن 22 گېكتار يەر كېسىپ بېرىدۇ. يەنە بىر كۈنى فۇرقەت شەھەر سىرتىدىكى باغقا بەزمىگە چىققاندا، بەزمە قاتناشچىلىرىدىن نىياز ھاجىم دېگەن كىشى كوچۇلا قوشۇلغان دورا يەپ زەھەرلىنىپ قالغاندا، ئۇ ئادەمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدۇ. ئۇنىڭدىن دۇكىنىغا كەلگەن كەمبەغەل كىشىلەرنى پۇل ئالماي داۋالاپ قويۇش ئىشلىرىمۇ كۆپ كۆرۈلگەن».

شۇنىڭدەك، مەزكۇر مەكتۇپتا فۇرقەتنىڭ خوتۇنى رەناخان تېۋىپنىڭ قىزى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ تېببىي ئىشلىرىغا كۆپ ياردەملەشكەنلىكى توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئۇنىڭدا تەكىتلىنىشىچە، فۇرقەت تىب ئىلمىگە ئائىت «ئىكسىرى ئەئزەم (ئۇلۇغ كىمىيا)» دېگەن كىتابنى دائىملىق رەۋىشتە مۇتالىئە قىلغان.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، يەركەنت ۋىلايەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «گۈلخان» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا 1958 – يىلى 18 – ئاۋغۇست يوللانغان مەكتۇپتىكى تۆۋەندىكى پىكىرلەرمۇ دىققەتكە سازاۋەر:

«فۇرقەت بۇ ئارىدا ئىلمى نۇجۇم ۋە تېبابەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ ھىندىستاندا بېسىلغان ‹ئىكسىرى ئەئزەم› دېگەن كىتابنى كۆپ ئوقۇر ئىكەن. تېبابەتتە بىلىمى ۋە تەجرىبىسى بولغاچ، تۇرمۇشنى تېۋىپلىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. كەمبەغەل كېسەللەرگە ياخشى قاراپ، دورا بىلەن ساقايتىدۇ. لېكىن، پۇل ئالمايدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ ۋىلايەتتە دوختۇرخانا بولغان. دوختۇرخانىدا شىپا تاپمىغان بەزى ئېغىر كېسەللەرنىمۇ شائىر ساقايتقانلىقى توغرىسىدا خەلقىمىز ئىچىدە ئاجايىپ گەپلەر ئېقىپ يۈرىدۇ».

مەلۇمكى، فۇرقەت يەركەنتتە زامانىسىنىڭ مەشھۇر شائىرى تەجەللىي بىلەن تونۇشىدۇ ۋە يېقىندىن دوستلىشىدۇ. تېۋىپ سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان تەجەللىي ئۆزلۈكسىز ھالدا مۇھىيى بىلەن خەت يېزىشىپ تۇرغان. شۇنداق مەكتۇپلىرىنىڭ بىرىنىڭ ھاشىيەسىگە تەجەللىي «بۇ خەت، يەئنى مۇھىينىڭ خېتى «زۇبدەتئۇل ھۇكەما، دەپ شۆھرەت چىقارغان قوقەندلىك مۇھەممەد زاكىرجان فۇرقەت ۋاسىتىسى بىلەن بىزگە تەگدى. تەجەللىي» دەپ يېزىپ قويغان. فۇرقەتنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان تۆۋەندىكى خەۋەر ـ ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرستىدۇ. ماقالىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇيمىز: «بىرمىڭ ئۈچيۈز ئون بىرىنچى يىلى رەجەپ ئايىدىن باشلاپ كۆچا ۋە ئاقسۇ دېگەن شەھەرلەردە ۋابا ۋەقەسى بولۇپ، كۆپ كىشىلەرنىڭ ھالاك بولغان خەۋىرىنى ئىشتىپ تۇردۇق ۋە شەئبان ئېيىدا قەشقەر ۋىلايىتىگە پەيدا بولۇپ، ئاندىن ياركەنتكە ئۆتۈپ، چوڭ ـ كىچىك ئادەملەر ھەم ئاغرىق بولۇپ ياتتىلار. ياركەند شەھىرىنىڭ ئامبىلى پۇقراپەرۋەرلىك يۈزىدىن رەھمۇ ـ شەپقەت قىلىپ، ئۆزىگە تەۋە مەنسەپدارلار بىلەن شەھەر ئىچىگە كىرىپ، پىيادە بولۇپ، ئالدىدا مۇشكى ئەنبەرلەرنى نۇجۇم ئەيلەپ ۋە گۇلابغا ئوخشاش خۇشبۇي سۇلارنى كوچا ۋە رەستىلەرگە چاچتۇرۇپ يۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. رامزان ئېيى كېچىپ، شەۋۋال ئېيى ئاخىرلىرىدا خىيلە تەھفىف تاپىپ (يەڭگىللەپ)، قارغالىق ۋە خوتەن شەھەرلىرىدىمۇ بىر ئاي قەدەر گارانلىك بولۇپ، ئەلھال ھەممە يەردە تىنچلىق ۋە ئامانلىقتۇر. ۋە لېكىن، بۇ ھادىسىدە بىمار بولغان كىشىلەر ئۆلمەي ۋە ئۇزاق ياتماي، بەش ـ ئون كۈندە سىھھەت تاپتىلەر. بۇندا خۇسۇسەن (كەشكاف) دېگەن ئىلاج كۆپ نەپئىلەر قىلدى».

مانا بۇلار فۇرقەتنىڭ تېبابەت ئىلمىدە ئېرىشكەن كامالىتىگە دەلىل بولالايدۇ.

5

فۇرقەت يەكەندە ياشىغان دەۋردە پەن تەتقىقاتى بىلەن جىددىي شۇغۇللاندى. «قەۋائىدى چىن ۋە ئۇمۇراتى سىياسەت» ئەسىرىدە بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئايرىم دەلىللەر بار. جۈملىدىن، ئەسەردە ئاناسىرى ئەربەئە (ئوت، ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراق)نىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تېبابەتنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئائىت قىممەتلىك مۇلاھىزىلەر بايان قىلىنغان. فۇرقەت مۇنداق يازىدۇ:

«ئوتنىڭ ھەرارەتى ۋە سۇنىڭ بۇرۇدەتىنىڭ قۇۋۋىتى ئەسلىسىنىڭ دەرىجىسى ھۆكەمالار ئىجاد قىلغان ئەسۋابلار ۋاستىسى بىلەن مەلۇمدۇر. بۇ ئوت بىلەن سۇ ھەرقايسىسى ئۆز مەركىزىدە ناھايەتتە كۈچلۈكتۇر. تەغىيرى ھەۋا ۋە تەبدىلى مەكان بىرلە قۇۋۋىتى ئەسلىيەلەرىغە نۇقسان يېتىپ، فىل جۈملە ئاجىز بولۇرلار. ئەمما، ئاجىز بولماقلار ئارىزىيدۇر. ۋە نە زاتى كۆرمەك كېرەككىم، ئاناسىرى ئەبەئەكىم — ئاتەش، ھاۋا، ئاب ۋە خاكدۇر. ئاتەشنىڭ مەركىزى ھەممىدىن ئۈستىدە، پەلەككە يېقىندۇر. ئول ئاتەشنىڭ مەركىزىدە قانداق بەقۇۋۋەتلىكى ھۆكەمالارغە ئەياندۇر. ۋە لېكىن يەردە ئۆز مەركىزىدە بولغاندەك قۇۋۋەئى ھەرارەتى يوقدۇر. مۇنىڭ سەبەبى تەبدىلى مەكاندۇر. ۋە يەنە قىش كۈنلەردە ياز پەسلىدىكىدەك قۇۋۋەئى ھەرارەتى يوقدۇر. مۇنىڭ سەبەبى تەغىيرى ھەۋادۇر.»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ مۇلاھىزىلەر چوڭقۇر ئىلمىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. بۇلا ئەمەس، فۇرقەت بۇ پىكىرلەردىن ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ قانداق خۇلاسە چىقىرىشلىرى لازىملىقىغىمۇ دىققىتىنى قارىتىدۇ:

«بەس، ئاقىل ۋە ھوشمەندلەر، كېرەككىم، ھەر نىمەرسەنى ئۆز قۇۋۋەئى ئەسلىي ۋە فىئلى زاتىگە

مۇلاھىزە ۋە فىكر قىلمىغايلار. تەبدىلى مەكان ۋە تەغيىرى ھەۋاكىم، فائىلى ئارىزىيدۇر. ۋە نە زاتىي، ئېتىبار قىلماسەلەر كېرەك. چۈنكى ئوت بىرلە سۇنىڭ فىئلى زاتىيسىغە تەبدىلى مەكان ۋە ھەۋا بىرلە ھەقىقەتەن نۇقسان يەتمەيدۇر».

بۇنىڭدىن تاشقىرى، يەكەن ۋىلايەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن «گۈلخان» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا 1958 ـ يىلى 18 ـ ئاۋغۇست يوللانغان مەكتۇپتا فۇرقەتنىڭ تېبابەتتىن تاشقىرى ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. شىنجاڭدا چىقىدىغان «قەشقەر گېزىتى»نىڭ 1957 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر سانىدىكى «مەشھۇر ئۆزبېك خەلق شائىرى فۇرقەتنىڭ جەسىتى يۆتكەپ دەپنە قىلىندى» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە شائىرنىڭ تارىخ، فىزىكا، خىمىيە ۋە ئاسترونومىيە پەنلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىدۇ.

مەزكۇر مەلۇماتلار فۇرقەتنىڭ تۈرلۈك پەن ساھەلىرى بويىچە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسەرلىرىنى تېپىش، ئومۇملاشتۇرۇش (نەشر قىلىش) بولسا نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەردىندۇر.

6

فۇرقەت، گەرچە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جېنىدىن سۆيگەن ئانا يۇرتىغا قايتالمىغان بولسىمۇ، بىر نەپەسمۇ ۋەتىنىنى ئۇنتۇمىدى، ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلەن ياشىدى. ئۆزبېكىستان قەھرىمانى ئابدۇللا ئارىپوف تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئانا ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭ مېھرىبان پەرزەنتى ئوتتۇرىسىدىكى «ھىجران سېلى»غا ئەسىرلەر سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۆپ قىرلىق ئىجاد نەمۇنىلىرى ئارقىلىق «كۆۋرۈك سېلىندى». نەتىجىدە، بۇ بىباھا مىراس بۈگۈن مىللەتنىڭ بايلىقىغا ئايلاندى. بۈگۈن ھەربىر مەرىپەتلىك زىيالىي تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلماقتا. قەلبلەرگە مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچماقتا. مۇھەببەت ئۇرۇقىدىن ئۈنۈپ چىقىدىغان ياش نوتىلار بولسا، شۈبھىسىز، يەنە نەچچە يۈز يىللار داۋامىدا مىللىي مەنىۋى يۈكسىلىشكە خىزمەت قىلىۋېرىدۇ.

ئىزاھلار:


① ئۆزبېكىستان، АДМ، فوند N9001، 1 ـ رويخەت، 511 ـ ШN (2 ـ توپلام)، 831 ـ بەت.
② مەخسۇس شەيخزادە: «فۇرقەت ھەققىدە قەيتلەر» ــ «فۇرقەت ۋە مۇقىمىي ھەققىدە ماقالىلەر» تاشكەنت، ئۆزبېكىستان دۆلەت نەشرىياتى، 1958 ـ يىلى نەشرى، 31 ـ بەت.
③ ئا. ئابدۇغەفۇروف: «زاكىرجان فۇرقەت»، تاشكەنت «پەن» نەشرىياتى 1977 ـ يىلى نەشرى، 169 ـ بەت.


(مەزكۇر ماقالە ئۆزبېكچە «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىلى يانۋاردىكى سانىدىن ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرۇپ نەشرگە تەييارلاندى)

(ئاپتور ئۆزبېكىستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزبېك فىلولوگىيە فاكۇلتېتى پروفېسسورى، دوكتۇر)
(نەشرگە تەييارلىغۇچى چىرا ناھىيىسى گۈلاخما يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتە)

# دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ھەققىدە سۆز

بۆرىباي ئەھمدوف

ئۆزبېكچىدىن ئاغدۇرغۇچى: **يۈسۈپ ئىگەمبەردى**

دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ ئاتىسى ئەلائۇددەۋلە ئىبنى بەختشاھ ئەلغازىي مىرزا شاھرۇخنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەمىرلىرىدىن ئىدى. شۇڭا، ئوغلىنىڭ ئىلىم تەھسىلىگە جىددىي ئېتىبار بەردى. ئۇنى ئاتاقلىق ئالىم ۋە شائىر فەزلۇللاھ سەمەرقەندىيگە شاگىرتلىققا تاپشۇردى. لېكىن، ياش دەۋلەتشاھ 1480 ـ يىللارغا قەدەر ئىلمىي ياكى ئەدەبىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماي، ساراي خىزمەتچىسى ھەمدە ھەربىي كىشى بولۇپ قالدى. ئۇ دەسلەپ ئەبۇسەئىد، كېيىن سۇلتان ھۇسەين بايقارا ئېلىپ بارغان ئەسكىرىي يۈرۈشلەرگە قاتناشتى. بىھۇدە ئۆتكەن بۇ ئۆمۈرگە ئەپسۇس قىلىپ، كېيىنچە نادامەت بىلەن مۇنداق دېدى: «مەن ئاسىي بەندە يىگىتلىكنىڭ غەنىيمەت پەيتىنى، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەش ۋاقىتلىرىنى جاھالەت ۋە بىكارچىلىقتا ئاخىرلاشتۇردۇم. ئەبەدىي سائادەتنىڭ سەرمايىسى بولغان ئۈچ كۈنلۈك ئۆمۈرنى بىھۇدە ئۆتكۈزدۇم. بىر ۋاقىتتا ھېساب ـ كىتاب قىلىپ ھايات رۇزنامىسىگە نەزەر تاشلىسام، قىممەتلىك ئۆمرۈم كارۋىنى ئازغۇنلۇق باياۋىنىدا ئەللىك مەنزىلنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ...». دەۋلەتشاھ بۇ گەپلەرنى مەزكۇر «تەزكىرەتۇش ـ شۇئەرا» ئەسىرىنىڭ بېشىدا، دېمەككى، ئۇنى يېزىشقا باشلىغان ۋاقىتتا، تەخمىنەن 1485 ـ يىلىدا ئېيتقان. ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەللىك ياشتا بولسا، 1435 ~ 1436 ـ يىللىرىنى ئالىمنىڭ تۇغۇلغان يىلى دەپ ھېسابلاش مۇمكىن. دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي ئاتمىش يىلچە ئۆمۈر كۆرگەن ۋە «مىرئاتۇس ـ سەفا» («پاكلىق ئەينىكى») ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ئەلى ئىبنى مۇھەممەد سىددىق نىشاپۇرىينىڭ (17 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ھەمدە 18 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى) مەلۇماتىغا كۆرە 1495 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

دەۋلەتشاھ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ساراي خىزمىتىنى تەرك ئېتىپ، مۇشكۇل، ئەمما خەيرلىك ئىشقا، يەنى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىر ۋە ئالىملار ھەققىدە كىتاب پۈتۈشكە بەل باغلايدۇ. بۇ ئەسەر ناھايىتى كاتتا دەۋر — تەخمىنەن بەش يۈز يىل مابەينىدە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن بىر يۈز ئەللىك نەپەر شائىر ۋە ئەدىبنىڭ پائالىيىتىنى تەتقىقات دائىرىسىگە ئالغان. توغرا، دەۋلەتشاھ قولىدا ئۆزگىچە يېزىلغان ئەبۇ تاھىر خاتۇنىي (10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 11 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى)نىڭ «مەناقىبۇش ـ شۇئەرا» (شائىرلارنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى) ھەمدە نۇرىدىن مۇھەممەد ئەۋفىي (1172 ~ 1233)نىڭ «لۇبابۇل ـ ئەلباب» («قەلبلەر قەلبى») تەزكىرىلىرىمۇ بولغان. بۇلاردا

تاھىرىيلەر (821 ــ 873)، سامانىيلار (819 ــ 1005)، سەففارىيلار (867 ـ يىلدىن باشلاپ)، ئېلىگخانىيلار (1041 ــ 1178) ۋە سالجۇقىيلار (1038 ــ 1157) دەۋرىدە ئۆتكەن فارس تىللىق شائىرلار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇماتلار كەلتۈرۈلگەن. لېكىن ئۇلاردىن كېيىن، تەخمىنەن ئىككى ئۈچ ئەسىر مابەينىدە بىرەر ئالىم، دەۋلەتشاھ ئېيتماقچى بولغان «بۇ شەپقەتلىك ئەفسانە (تەزكىرە) ئۈستىدە قەلەمنى قىينىمىغان ۋە ھىممەتلىك بېشىنى ئاڭا ئەگمىگەن...» دەرھەقىقەت شۇنداق، 1220 ـ 1223 ـ يىللاردا موڭغۇل ئىستېلاسى ئاقىۋىتىدە، ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساننىڭ بۇخارا، سەمەرقەند، خۇجەند، ئۈرگەنچ، بەلخ، مەرۋ كەبى گۈللەپ ـ ياشناپ تۇرغان شەھەرلىرى شەپقەتسىزلەرچە تالان ـ تاراج قىلىندى. «سەنئەت، باي كۇتۇپخانىلار، ئەلا دەرىجىدىكى يېزا ئىگىلىكى، قەسىرلەر ۋە مەسچىدلەرنىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسى جەھەننەمگە جۆنىتىلدى»① موغۇل باسقۇنلىرىدا تالاي ئالىم ۋە شائىرلار تىغدىن ئۆتكۈزۈلدى. ئايرىملىرىنى موغۇللار ئەسىر قىلىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ كەتتى. قىرغىندىن ئامان قالغانلارمۇ ھەر ياققا پىتىراپ كەتتى. تۈركىيىگە قېچىپ كەتكەن پەرغانىلىك شائىر سەيفىددىن مۇھەممەد، ئىراننىڭ جەنۇبىدىن پاناھ تاپقان خارەزملىك تىلشۇناس ئالىم شەمسىددىن مۇھەممەد ئىبنى قەيس رازىي، ھىندىستانغا قېچىپ قۇتۇلغان يازغۇچى ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئەۋفىي بۇخارىي ئاشۇ سەرسان ـ سەرگەردان بولغانلار جۈملىسىدىندۇر. بۇ شائىر ۋە پەزىلەت ئەھلىنىڭ پائالىيىتىنى بىر كىتابقا يىغىش، ئۇلار ئىجادى ھەققىدە قىسقىچە بولسىمۇ بىرەر پىكىر ئېيتىشنىڭ نەقەدەر مۇشكۈللۈكى ئۆز ئۆزىدىن ئايان. دەۋلەتشاھ سەرمەقەندىي بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قورقماستىن ئەستايىدىل ۋە ئۇزاق مېھنەت قىلغان. ئۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەزكىرىلەردىن تاشقىرى، ئۆزگىچە يېزىلغان ئونلاپ، يۈزلەپ تارىخىي ۋە جۇغراپىيىۋى ئەسەرلەردىن پايدىلانغان. مەسىلەن، «زەينۇل ـ ئەخبار»، «تارىخى ئالى سالجۇق»، «تارىخى بەناكەتىي»، «كىتابۇ سۇۋەرىل ـ ئەقالىم»، «نۇزھەتۇل ـ قۇلۇب» شېئىرىيەتكە ئائىت «ھەدائىقەس ـ سىھر»، «جەۋاھىرۇل ـ ئەسرار» رىسالىلىرى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ تەرجىمەھاللىرىغا ئائىت مەناقىبلار، يۈزلەپ دىۋان ۋە داستانلاردىن مەلۇماتلار توپلىغان. ئۇ ئەنە شۇنداق زور مېھنىتى سەمەرىسى بولغان مەزكۇر كىتابقا 10 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيا، خۇراسان ۋە باشقا قوشنا مەملىكەتلەردە ياشىغان شائىر ھەم ئەدىبلەرنىڭ پائالىيىتىنى جەملىدى. دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ مەركىزىي ئاسىيا كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كاتتا خىزمىتى ئاشۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدىلا يۇكسەك باھالاندى. بۇ ئىشتا ئاڭا يول كۆرسەتكەن ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە: «... ئەمىر دەۋلەتشاھكىم، خۇراسان مۇلكىنىڭ ئېسىل مىرزىلىرى ئارىسىدا فەزىلەت ۋە دانىشمەنلىك زىننەتلىرى بىلە بەھرەمەند، فەقرۇ قەنائەت تاجى بىلە سەربەلەندۇر، ھەم... «تەزكىرەتۇش شۇئەرا» ئاتلىغ كىتاب بىتىپتۇ. دەرۋەقە كۆپ قىيىنچىلىق تارتىپتۇ ۋە بۇ تائىفنى ياخشى جەم قىلىپتۇ» دەپ يازغان. ئەگەر ئەبۇ تاھىر خاتۇنىينىڭ «مەناقىبۇش ـ شۇئەرا»سىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەنلىكى ۋە ئەۋفىي تەزكىرىسىنىڭ ناھايىتى قىسقا قىسمىلا يېتىپ كېلەلىگەنلىكىنى ئېتىبارغا ئالساق، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ بۇ كىتابىنىڭ قىممىتىنىڭ نەقەدەر يۇكسەك ئىكەنلىكىنى سېزەلەيمىز.

«تەزكىرەتۇش ـ شۇئەرا» مىلادىيە 1486 (ھىجرىيە 892) ـ يىلى يېزىپ پۈتكۈزۈلگەن. ئەسەر مۇقەددىمە، خاتىمە ۋە يەتتە تەبىقە (قىسىم)دىن تۈزۈلگەن. مۇقەددىمىدە ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبلىرى، شۇنىڭدەك، كلاسسىك ئەرەب شائىرلىرىدىن لەبىد (7 ـ ئەسىر)، مۇتەنەببىي (915 ــ 965) ئەبۇئەئلا ئەلمەئەررىي (973 ــ 1058) ۋە باشقىلار (ھەممىسى بولۇپ ئون شائىر)، كىتابنىڭ

① كارل ماركس «ھۆججەتلىك يازمىلار»، ك. ماركس، ف.ئېنگلىس ئارخىپى 1938 ـ يىلى موسكۋا نەشرى 221 ـ بەت.

قالغان يەتتە قىسمىدا 10 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ئىراقتا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر، ئەدىبلەر، خاتىمىدە بولسا مەزكۇر تەزكىرە مۇئەللىپى بىلەن زاماندىش ئالتە يىرىك شائىر، پەزىلەت ئەھلىدىن ئەبدۇرەھمان جامىي، ئەلىشىر نەۋائىي، خاجە ئەفزەلىددىن مۇھەممەد، ئەمىر ئەھمەد سۇھەيلىي، خاجە شەھابىددىن ئەبدۇللاھ مەرۋەرىد ھەمدە خاجە ئاسەفىي ھەققىدە مەلۇماتلار كەلتۈرۈلگەن.

دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي تەزكىرىسىدە جەملەنگەن شائىرلار، ئۇلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە پەن تارىخىدىكى ئورنى دەۋرىمىزدە تېخىچە ئۆگىنىلمىدى.

بۇ شائىرلار ئەسەرلىرى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈنىلىشى، ئۇنىڭ تەرەققىيات يوللىرى، كلاسسىك شەرق شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللىنىلغان رۇبائىي، قەسىدە، غەزەل، ھەجۋ، ژانىرلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تاكامۇللىشىشى تەرسىئ، تەجنىس، تەرجىئبەند، مۇرەببەئ قاتارلىق شېئىرىي شەكىللەرنى ئۆگىنىش ھەمدە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ئارىسىدا داستانچىلىق ژانىرىنىڭ يېتۈك نامايەندىلىرىدىن جەۋھەرىي زەرگەر، خاجە كىرمانىي، جەلال تەبىب، خاجە ئىسمەتۇللاھ بۇخارىي، ئەمىنىددىن نۇزۇلئابادىي قاتارلىقلار بار. شېئىرىيەت ۋە نەسرىي ئىجادىيەتكە ئائىت «تەرجىمانەل ـ بەلاغە» (ناتىقلىقنى چۈشەندۈرۈپ بەرگۈچى كىتاب) ئەسىرى بىلەن مەشھۇر بولغان فەررۇخىي (1037 ــ 1038 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولغان)، «چەھار مەقالە» ناملىق كىتابى بىلەن شۆھرەت تاپقان نىزامىي ئەرۇزىي سەمەرقەندىي (12 ـ ئەسىر)، فارس تىلىنىڭ شەرھلىك لۇغىتىنى تۈزگەن قەتران ئىبنى مەنسۇر تېرمىزىي (12 ـ ئەسىر)، «ھەدايىقەس ـ سىھر» (سېھىر بېغى) ئەسىرى بىلەن داڭق چىقارغان خارەزملىك رەشىددىن ۋەتۋات (1088 ــ 1182)، «نىگارىستان» ئەسىرىنىڭ مۇئەللىپى مۇئىنىددىن جۇۋەينى «شەبىستان خەيال» كىتابىنىڭ ئاپتورى يەھيا سىبەك نىشاپۇرىي، «جەۋاھىرئۇل ـ ئەسرار» («سىرلار جەۋھىرى») ئەسىرىنى پۈتۈن شەرققە تونۇتالىغان شەيخ ئازەرىي (1382 ــ 1462) مۇسىقىي ئىلمىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن ساھىب بەلخىي، خەت ۋە خەتتاتلىق ئىلمىنىڭ پىرى سىمىي نىشاپۇرىيمۇ بار. بۇلارنىڭ ئىجادىيىتى كلاسسىك ئەدەبىيات ھەمدە ئوتتۇرا ئەسىر شەرقشۇناسلىق تەرەققىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

كىتابتا تەرىپلەنگەن شائىرلاردىن زور كۆپى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك شائىرلىرى بولغان. ئۇلارنىڭ ئاساسەن ھەممىسى ئاخىر ـ ئاقىۋەتتە، تەماگەرلەر، ھەسەتخورلار ۋە ئىغۋاگەرلەر ئۆۋسى بولغان شاھلار سارىيىنى تاشلاپ كەتكەنلەردۇر. ئەۋھەدىددىن ئەنۋەرىي (12 ـ ئەسىر)، يۇقىرىدا نامى زىكر قىلىنغان رەشىددىن ۋەتۋات بۇخارادا قوش تىلچىلىق ياكى مۇلەممەھ (بىر شېئىرنى ئىككى تىلدا يېزىش) ئەنئەنىسىنى باشلاپ بەرگەن ھەجۋ ژانىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور ھەسسە قوشقان خاجە ئىسمەتۇللاھ بۇخارىي (1365 ــ 1426) ئەنە شۇنداق شائىرلار جۈملىسىدىندۇر.

تەزكىرىدە جاھانغا مەشھۇر پەيلاسوپ شائىر ۋە ئالىم ناسىر خۇسرەۋ (1004 ــ 1088)، شائىر ۋە يىرىك تارىخچى ئالىم فەخرىددىن بەناكەتىي (1329 ـ يىلىدا ۋاپات بولغان)، كەمال خۇجەندىي (1318 ــ 1401)، ئەبدۇرەھمان جامىي (1414 ــ 1492)، ئەلىشىر نەۋائىي (1441 ــ 1501) بىلەن بىرگە مېھنەتكەش خەلق ئارىسىدىن چىققان شائىر ـ نازىملار ھەم قەيت قىلىنىدۇ. نىزامىي گەنجەۋىينىڭ «مەخزەنۇل ئەسرار»ىغا مىڭ بېيىتتىن ئىبارەت جاۋاب يازغان، ئەسلىي دېھقان تەبىقىسىدىن بولغان جەمالىددىن ئىبنى جەئفەر فەررەھانىي، بىر ئۆمۈر قوش قېتىپ، دېھقانچىلىق قىلغان، دالادا ئىش ئۈستىدە ئىلھام كېلىپ قالغاندا، شېئىرنى كەتمەن دەستىسىگە پۈتۈپ يۈرگەن كوھىستانلىق مۇھەممەد ئەسامىددىن؛ ئاددىي خەلقتىن چىقىپ، شائىرلىق، خەتتاتلىق ۋە نەققاشلىقتا نام چىقارغان

كىتاب نۇر بىلىگى kitap.com

سىمىي نىشاپۇرىي، بورا توقۇپ كۈن كەچۈرگەن سەمەرقەندلىك بىساتىي قاتارلىقلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار بۇ جەھەتتىن دىققەتكە سازاۋەردۇر.

شۇنىڭدەك، تەزكىرىدە ئۆز شېئىرلىرى بىلەن شاھلار ۋە ھاكىملار، نائىبلار ۋە قازىلارنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنى پاش قىلغان يەمىنىددىن فەريۇمەدىي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەمىر مەھمۇد (ئىبنى يەمىن)، ئۇبەيد زاكانىي، بۇرۇندۇق بۇخارىي ھەمدە بابا سەۋدايى ئەبىۋەردىي كەبى شائىرلارمۇ ئەسكەرتىلگەن. بۇ ھال ئەسەر قىممىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان.

دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ ئەسىرىنىڭ يەنە بىر پەزىلىتى ئۇنىڭدا بەزى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر بايانىنىڭ ئورۇن ئالغانلىقىدۇر. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، ئىران خەلقلىرىنىڭ سۇلتان جەلالىددىن مەڭگۇبەردى باشچىلىقىدا 1221 ـــ 1232 ـ يىللىرى موغۇل باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە بېغىشلانغان تارىختىن ئايرىم لەۋھەلەر؛ 1337 ـ يىلى خۇراساندا بولغان سەربەدارلار (ئۆزلىرىنى موغۇل ھۆكۈمدارلىرى زۇلمىغا قارشى كۈرەشكە بېغىشلىغان شەھەر ھۈنەرۋەنلىرى) قوزغىلىڭى ھەمدە شۇ قوزغىلاڭ نەتىجىسى ھېسابلانغان، خۇراساننىڭ كەڭرەك قىسمىدا روناق تاپقان سەربەدار دۆلىتىنىڭ (1337 ـــ 1381) قىسقىچە تارىخىمۇ بۇ ئەسەردە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. شۇنىڭدەك، كىتابتا كەلتۈرۈلگەن خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ 15 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى سىياسىي ھاياتى بىلەن باغلىق تەپسىلاتلار، يىرىك تارىخىي شەخسلەر ۋەزىر ۋە ئالىم نىزامۇلمۇلك، ئۇلۇغ شائىر ۋە ئالىم ئۆمەر ھەييام، ئىسمائىلىيلەر تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى ھەسەن سەبباھ، بۈيۈك مۇنەججىم مىرزا ئۇلۇغبەگ ھاياتىغا ئائىت ۋەقەلەرمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. سەربەدارلار تارىخى پەقەت مۇشۇ كىتابتىلا كەلتۈرۈلگىنىدەك، جەلالىددىن مەڭگۇبەردى ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ باشقا مەنبەلەردە كەم ئۇچرايدۇ.

دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ مەزكۇر تەزكىرىسى ئىلمىي ساھەدىكى جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى بەكمۇ كۆپ تارتىپ كەلمەكتە. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، 1819 ـ يىلىدىن بۇيان ئەسەرنىڭ ئايرىم پارچىلىرى رۇسىيەدە ۋ.جۇكوۋىسكىي ۋە ف.ئەردمان تەرىپىدىن، فرانسىيەدە سىلۋېستىر دې ساسى تەرىپىدىن، ئەنگلىيەدە ئە.برائون ۋە ئا.فالكونېر تەرىپىدىن، تۈركىيەدە فەھىم سۇلەيمان ئەپەندى تەرىپىدىن ۋە گېرمانىيەدە ھاممېر تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان. مەزكۇر ئەسەرنىڭ كۆپ مەتىنلىرى 1887 ـ يىلى ھىندىستاندا مىرزا مۇھەممەد تەرىپىدىن، 1900 ـ يىلى ئەنگلىيەدە ئە.برائون ۋە 1958 ـ يىلى ئىراندا ھاجى مۇھەممەد رەمەزانىي تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئەمما، تاكى ھازىرغىچە بۇ ئەسەر بىرەر ياۋروپا تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنمىغان.

1900 ـ يىلى بۇ ئەسەر بىرىنچى قېتىم خىۋادا مۇھەممەد رافىئ ـ تەرىپىدىن كونا ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. لېكىن بۇ تەرجىمە كۆپ جەھەتتىن ھازىرقى ئۆزبېك تىلى تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بۇ تەرجىمە بىرىنچىدىن، كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ خارەزم شېۋىسىدە، ئىككىنچىدىن بۇ تەرجىمە ئەسەرنىڭ پەقەت بىرلا نۇسخىسى ئاساسىدا بېجىرىلگەن، بەزى جۈملىلەر چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغان، بەزىدە بولسا قىسقارتىلىپ ياكى مەزمۇنەن ئېلىنغان ئورۇنلار ئۇچرايدۇ. شېئىرىي پارچىلار بولسا پۈتۈنلەي تەرجىمىسىز قالدۇرۇلغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى تەرجىمىدە «ئەرەبىزم»① گە يول قويۇلغان.

(داۋامى 24 ـ بەتتە)

① ئەرەبىزم ـــ تىلدا ئەرەبچە سۆزلەرنى ۋە ئەرەبچە جۈملە شەكىللىرىنى كۆپ ئىشلىتىشنى بىلدۈرىدۇ.

# «يۈسۈف - زۇلەيخا» داستانى توغرىسىدا

ساۋۇت موللاۋۇتوف

1958 ~ 1961 - يىللىرى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمىنىڭ ئاسپىرانتى سۈپىتىدە ئوقۇغان مەزگىلىمدە، دەسلەپ ماڭا دېسسېرتاتسىيە تېمىسىنى تەۋسىيە قىلىش ۋە بېكىتىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغانىدى. مەن 1956 - يىلى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملىغان ۋاقتىتا، «بىلال نازىمنىڭ ئىجادى» ناملىق ماۋزۇ بويىچە دىپلوم ئىشىنى رۇس تىلىدا يېزىپ، ياقلىغانىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىلال نازىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى بويىچە ئۇنىۋېرسىتېتتىكى دىپلوم ئىشىنى كېڭەيتىپ، شۇنىڭ ئاساسىدا دېسسېرتاتسىيە يازسام، دېگەن نىيىتىمنى بىلدۈردۈم. بۆلۈم رەھبەرلىرى ماڭا: «ھازىرچە بىر شائىرنىڭ ئىجادىيىتى بويىچە ماتېرىيال يېتەرلىك ئەمەس، شۇڭا تەتقىقاتنى كەڭ دائىرىدە يۈرگۈزۈش مۇۋاپىق» دەپ، «19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىلىرى» ناملىق دېسسېرتاتسىيە تېمىسىنى بېرىپ، ئىلمىي كېڭەشتە تەستىقلىغانىدى. «بىلال نازىمنىمۇ ئەدەبىي ئەسەرلىرى شۇ دەۋرگە تەئەللۇق» دېگەن پىكىرلەرمۇ ئېيتىلدى. پىلان ئاساسىدا شۇ دەۋرگە ئائىت ماتېرىيال ۋە مەنبەلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنى يىغىش توپلاش ئۈچۈن 1958 ~ 1960 - يىللىرى موسكۋا، لېنىنگراد، قازان شەھەرلىرىگە ئىلمىي كوماندىروپكىغا باردىم. دەسلەپ موسكۋا، قازان شەھەرلىرىدە بولۇپ، تاتارىستان رىسپوبلىكىسىنىڭ مەركىزىي دۆلەت ئارخىپىدا ئىزدىنىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدۇم. بۇ يەردىكى بۇرادەرلەر ماڭا نۇرغۇن ياردەم بەردى. بولۇپمۇ، ئىسھاقوف قېرىنداشلارچە كۆمەكلىشىپ، يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە نېمىسچە تەرجىمىسى بىلەن ئاكادېمىك ۋ. رادلوف 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نەشر قىلغان نۇسخىسىنى، بىلال نازىمنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» ئەسىرىنىڭ 1878 - يىلقى سىگنال نۇسخىسىنى تەقدىم قىلغانىدى. شائىرنىڭ بۇ تارىخىي داستانى 1880 - يىلى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نەشرىياتىدا بېسىلغانلىقتىن، ئەدىبنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ قولىيازمىسىنى ئېنىقلاش مۇھىم ۋەزىپە بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن مەزكۇر ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ كۇتۇپخانىسى ھەم قولىيازمىلار فوندى بىلەن تونۇشتۇم. بىراق، ئەسەرنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى تېپىلمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە 1958 - يىلى مارت ئېيىدا موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئىشلەۋاتقان مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىملاردىن ئەمىر نەجىب، تېنىشىفلار بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلار موسكۋا فوندلىرىدا نازىمنىڭ قول يازمىلىرىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىشتى. «غازات دەر مۈلكى چىن»نىڭ شائىر قەلىمىگە مەنسۇپ نۇسخىسىنى پەقەت 1970 - يىلى پېتربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن تاپتىم. شائىر بىلال نازىمنىڭ قىممەتلىك قولىيازمىسىنى ئۆز ۋاقتىدىكى ئىلى

uyghurkitap.com



ئۆلكىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەھبىرى شەرقشۇناس ن. پانتۇسوف ئۆزى ئوقۇغان ئۇنىۋېرسىتېتقا 1890 ـ يىلى ئىناۋەتلىك مەنبە سۈپىتىدە تەقدىم قىلغانىكەن (قولىيازمىنى پانتۇسوف 1876 ـ يىلى كۇزدە غۇلجىدا بىلال نازىم بىلەن ئۇچراشقاندا، ئەدىبنىڭ ئۆز قولىدىن ئالغانىكەن).

1960 ـ يىلى لېنىنگرادتا ئىلمىي كوماندىروپكىغا بېرىپ، بۇ شەھەردىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قولىيازمىلار فوندىدا ئىشلەشكە توغرا كەلدى. بۇ يەردىكى نادىر قولىيازمىلار ئىككى خىل يېزىقتا پۈتۈلگەن: بىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، يەنە بىرى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلارنىڭ سانى (پروفېسسور س. كلياشتورنىينىڭ مەلۇماتى بويىچە) 4200دىن ئاشىدۇ. ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلارمۇ نۇرغۇن، بىراق ئۇلارنىڭ سانى تېخى ئېنىقلانمىدى.

شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئىشلەش جەريانىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق تېمىسى بويىچە تەتقىقات يۈرگۈزۈۋاتقان ئالىملاردىن د. تېخنوف، س. مۇراتوف، س. كلياشتورنىي، ئا. شېرباك، ل. تۇگۇشېۋا ۋە باشقىلار جىق ياردەم بەردى، بولۇپمۇ ئابدۇللاجان مۇغىنوف ماڭا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ـ ئەرەب يېزىقىدىكى قولىيازمىلارنىڭ تەۋسىپىنى نەشرگە تەييارلاپ باسمىغا تاپشۇرغانىكەن. 350دىن ئارتۇق ئۇيغۇر قولىيازمىلىرىنىڭ تەۋسىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كىتاب 1962 ـ يىلى نەشىردىن چىقتى.

شۇ ۋاقىتتا مەن 19 ـ ئەسىرگە ئائىت قولىيازمىلارنىڭ 20دىن كۆپرەك مىكروفىلمىنى (لېنتا) زاكاس بېرىپ، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىنىڭ فوندىغا ئالدۇردۇم. ئۇلار ئىچىدە ئا. نىزارىي، ن. زىيائىي، ت. غەرىبىي، موللانىيازىي، بىلال نازىم، سەييىد مۇھەممەد قاشىي، ئۇمىدىي، ئاشىر ئاخۇن غەرىبىي، ھاجى يۈسۈف، موسا سايرامىي ئەسەرلىرى، شۇنداقلا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا كۆچۈرۈلگەن «غېرىب ـ سەنەم»، «يۈسۈف ـ زىلەيخا»، «ئەشئار ئىلە ھېكايەت» قاتارلىقلار مەۋجۇت ئىدى.

بۇ مەنبەلەر توغرىسىدا دەسلەپكى ئۇچۇرلار مەتبەئە يۈزىدە ئېلان قىلىندى. شۇلارنىڭ بىرى ئابدۇرېھىم نىزارىي ھەققىدە مەلۇماتلار. «رابىئە ـ سەئدىن» داستانىنى ئىدىيىۋى، بەدىئىي جەھەتتىن تەھلىل قىلغان ماقالەمدە («ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى»، ئالمائاتا 1961 ـ يىلى نەشرى) شائىر تەخەللۇسىنىڭ يېزىلىشىغا دىققەت قىلدىم. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا شۇ ئارىدا «نازارى» دەپ يېزىلغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا «نەززارى» شەكلىدە يېزىلاتتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا لېنىنگرادتىكى قولىيازما ئاساس بولدى. ئۇنىڭدا ئەدىب «نىزار» سۆزىنى تەخەللۇس ئۈچۈن تاللاپ ئالغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇنىڭدىن كېيىن «ئابدۇرېھىم نىزارىي» دەپ يازايلى دېگەن تەكلىپنى بەرگەنىدىم. بۇ تەۋسىيە قوبۇل قىلىندى.

مەن ئۆزۈم ئاساسەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مۇتەخەسسىسى بولغانلىقتىن، ئاساسىي پائالىيىتىم ناھايىتى مول قولىيازما، يەنى سۆز سەنئىتىنىڭ ئۈلگىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ يىرىك ژانىرلىرى مېنى قىزىقتۇراتتى. بولۇپمۇ «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرا»، «فەرھاد ـ شىرىن»، «يۈسۈف ـ زىلەيخا» داستانلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارالغان، تەييار مۇزىكىلىق دراما ئىجادلىرى بولغانلىقتىن، ئۇلار دراماتورگىيە ژانىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن، «غېرىب ـ سەنەم» ۋە ئايرىم داستانلار ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭمۇ نەپىس ھەم جۇشقۇن نەغمە قىسىملىرىدۇر. كېيىن بىز قازاقىستاندىكى يەتمىشكە يېقىن ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ئەدەبىيات پروگراممىلىرىغا خەلق داستانلىرىنى ئوقۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە

جەلپ ئەتتۇق. مەن 1968 ـ يىلى ئۆزۈم تۈزگەن سەككىزىنچى سىنىپ خروستوماتىيىسىگە (دەرسلىككە قوشۇمچە ئوقۇش كىتابى) «غېرىب ـ سەنەم»نىڭ خەلق ئارىسىدا تارقالغان قىسقا ۋارىيانتىنى كىرگۈزدۈم. كېيىن بولسا «يۈسۈف ـ زىلەيخا» داستانى ناسىرىددىن رەبغۇزى ۋارىيانتى بويىچە ئوقۇش ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە توققۇزىنچى سىنىپ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى (س. موللاۋۇتوف: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، ئالمائاتا 2000 ـ يىلى نەشرى)

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى فولكلورغا ۋە تارىخقا قىزىققۇچى تۇرسۇن رەيھانوف (1927 ــ 1985) بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ داستانلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيتتى. بىر كۈنى تۇرسۇن ئاكا «يۈسۈف ـ زىلەيخا» داستانىنىڭ قولىيازمىسىنى كۆرسەتتى. ئۆزۈمدە مەشرەپنىڭ 19 ـ ئەسىردە بۇخارادا كۆچۈرۈلگەن كىتابى بار ئىدى. رەيھانوف مەشرەپنى ئوقۇدى، مەن بولسام «يۈسۈف ـ زىلەيخا» تەھسىلىگە كىرىشتىم ۋە ئۇنىڭ مەتىنىنى 1873 ~ 1874 ـ يىللىرى قەشقەردە كۆچۈرۈلۈپ لېنىنگرادتا ساقلىنىۋاتقان ۋە 1958 ـ يىلى ئالمائاتا ۋىلايىتىنىڭ چىلەك ناھىيىسىدىن تېپىلغان نۇسخىلىرى بىلەن سېلىشتۇردۇم. تەھلىللەر، تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە، بىر ماقالە يېزىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. چۈنكى، ئۇچلا نۇسخىدا «خالىس» دېگەن تەخەللۇس ئۇچرايدۇ. بۇ تەخەللۇس قەشقەر ۋارىيانتىدا بەشلا قېتىم يېزىلغان بولسا، لېنىنگراد ۋە چىلەك نۇسخىلىرىدا نۇرغۇن تەكرارلانغان.

نەتىجىدە، «يۈسۈف ـ زىلەيخا، داستانى كىمنىڭ؟» ناملىق ماقالە يېزىلىپ، ئۇ 1977 ـ يىلى ئاپرېل ئېيىدا «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە يورۇق كۆردى. ئەنە شۇ ماقالىمىزدە ئۇچلا نۇسخىدا ئۇچراتقان «ئۆرتەر» رادىپلىق غەزەلدىكى خالىس سۆزىگە دىققەت قىلدۇق.

دېدى خالىس ئۇلارنىڭ قىسسەسىنى نەچچە ئەبياتىن،
ئىشىتسە ئاشىقى سادىق گۇمانسىز خانۇمان ئۆرتەر.

بۇ غەزەل ئارۇزنىڭ ھەزەج بەھرىدە يېزىلىپ، ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم ۋەزنىدە ئۆلچىنىدۇ. قەشقەر ۋارىيانتى ھەققىدە دەسلەپكى مەلۇمات ئا. مۇغىنوفنىڭ «ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدىكى ئۇيغۇر قولىيازمىلىرىنىڭ ئىزاھى» ناملىق كىتابىدا 1962 ـ يىلى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا: «ئاپتورى نامەلۇم، پروزا ۋە شېئىر بىلەن پۈتۈلگەن، ئەسەرنىڭ نامى، كۆچۈرۈلگەن جايى كۆرسىتىلمىگەن» دەپ ئۇچۇر بېرىلگەن.

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مازار يېزىسىدا تۇغۇلغان تۇرسۇن ئاكىنىڭ (بۇ كىشى كۆرۈنەرلىك مەرىپەتچى، ژۇرنالىست ۋە ئەدىب ئايۇپ مەنسۇرىنىڭ جيەنى) دادىسى رەيھان خەلپەت داستانچى بولۇپ، بەزمىلەردە «يۈسۈف ـ زىلەيخا» داستانى ۋە بىلال نازىمنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» داستانىنى ئوقۇپ يۈرەتتىكەن. داستاننىڭ ئاخىرقى ۋارىقى يوق بولۇپ، ئۇ 267 سەھىپىلىك قولىيازما. چىلەك ۋارىيانتى رەيھانوفنىڭكىگە قارىغاندا ھەجىم جەھەتتىن قىسقىراق بولۇپ، ئاخىرىدا خېلى ۋاراقلار يوق. بۇ نۇسخىنىڭ ئاپتورى، يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى، ئورنى مەلۇم ئەمەس. تىلى ئىلى شېۋىسىگە يېقىن. مەزكۇر ئۇچ نۇسخىنىڭ ئىچىدە ت. رەيھانوفنىڭ قولىيازمىسى ئەڭ ئىناۋەتلىك ۋە تولۇق نۇسخىدۇر.

ئوتتۇز يىل بۇرۇن خالىس ھەققىدە تۆۋەندىكى ئۇچۇرلارنى ئېيتقانىدىم: شائىر خالىس توغرۇلۇق مەلۇماتلار ھازىرچە يېتەرلىك ئەمەس. ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ فوندىدا قىسسەئى «يۈسۈف ـ زىلەيخا» ناملىق يەنە بىر قولىيازما ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئاپتورى قانداقتۇر بىر شاھ ھەكىم خالىس دېيىلگەن. تاشكەنتتىكى قولىيازمىنى تېخى كۆرمىگەنلىكتىن ئۇ توغرۇلۇق ھازىرچە بىرەر پىكىر ئېيتىش تەس.

خالىس ئەسەرنى قىرىغان چېغىدا نەزم ئەتكەنلىكىنى نۇرغۇن جايلاردا تەكىتلەيدۇ. ئۆز ھاياتىدا خېلىلا قىيىنچىلىقلارنى كۆرگەن شائىر غەم - قايغۇسىنى شېئىر مىسرالىرىغا تىزىپ مۇنداق يازىدۇ:

مەندەك مۇڭلۇق جاھان ئارا بولدىمۇ،
گۈل ئاچىلماي غۇنچە سايدا سولدىمۇ.
غۇسسە بىرلە باغرى قانغا تولدىمۇ،
خالىس كەبى كىم جاھاندا بار ئىكەن...

يۈرىكى ھەسرەت بىلەن تولغان «قېرىغاندا سوفىلارغا ئوخشىغان» شائىر قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ ئېغىر جۇدالىق ۋە ئىنتىزارلىق ئازابىنى چەككەن.

ئون يىلدىن كېيىن بۇ مەسىلە بويىچە مۇلاھىزىلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. شۇ جەريانلاردا يېڭى مەلۇمات، ماتېرىيال ۋە مەنبەلەر ۋۇجۇدقا كەلدى. بىرىنچىدىن، شاھ ھەكىم خالىس توغرۇلۇق دېرەكلەرنىڭ سانى كۆپەيدى ۋە مەزمۇنى بېيىدى. ئىككىنچىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا «يۇسۇف - زىلەيخا»نىڭ ئىككى نۇسخىسى نەشر ئېتىلدى. نەتىجىدە، «يەنە ‹يۇسۇف - زىلەيخا› داستانى توغرۇلۇق» («كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى، 1987 - يىلى) ماۋزۇسىدىكى ماقالەم ئېلان قىلىندى.

شاھ ھەكىم خالىسنىڭ «قىسسەئى يۇسۇف - زىلەيخا» ئەسىرىنىڭ قوليازمىسى 19 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا تەئەللۇق بولۇپ، ھەجمى 153 ۋاراق. مۇئەللىپ پەرغانە ۋادىسىدا ياشىغان. يېشى پەيغەمبەر يېشىدىن ئۆتكەنلىكىنى شائىر ئۆز ئەسىرىدە خەۋەرلەندۇرگەن. ئەدىبكە بىر ئاغىنىسى «قىسسەيى يۇسۇف» كىتابىنى تەقدىم ئەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن خالىس شېئىرىي داستان يازغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ «مەۋلۇتنامە»، «ھەزرەتى ئەييۇب»، «مىئراجنامە» ۋە باشقا قىسسەلەرنى پۈتكەنىكەن. خالىس داستانىنىڭ ئاساسىي قىسمى مەسنەۋى بىلەن ئىجاد ئېتىلىپ، نەسرىي پارچىلار يوق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، غەزەل، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەسلەر داستاندىن خېلى ئورۇن ئالغان. شائىر ھەزەج، رەمەل، رەجەز بەھرىلىرىدە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەن. ئەنە شۇ ماقالىمىزنىڭ ئىلمىي مۇلاھىزىلىرىدە ئاقسۇدىن تېپىلغان ۋە شائىر ئەرشىدىن تاتلىق «مىراس» ژۇرنىلى، 1984 - ، 2-، 3-، 4- سانلىرىدا ئېلان قىلغان نۇسخىسى ۋە ئاتاقلىق ئالىم قادىر ئەكبەر «بۇلاق»نىڭ 1985 - يىلى ئومۇمىي 15 - سانىدا ئېلان قىلغان ۋارىيانتىغا دىققەت قىلدۇق. ئىككىلا نەشرىدە «يۇسۇف - زىلەيخا» خەلق داستانى دېيىلگەن بولسىمۇ، بىراق قادىر ئەكبەر: «ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ۋاھىددىن باخاموف (خالىس)» دەپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ 1941 - يىلى كۆچۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ.

شاھ ھەكىم خالىسنىڭكىدىن باشقا داستانلارنىڭ ھەممىسى نەسىر ۋە شېئىر بىلەن يېزىلغان. نۇسخىلاردىكى شېئىرىي پارچىلار كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ غەزەل، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس شەكىللىرىدە بولۇپ، ھەزەج، رەمەل، رەجەز بەھرىلىرىدە پۈتۈلگەن. شېئىرلارنىڭ كۆپچىلىك قىسمى خالىس پوئېمىسىدىكى شېئىرلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ۋەزنلىرىمۇ ئوخشاش بەھردە كەلگەن. لېكىن بۇلاردا ئايرىم پەرقلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، يۇسۇف ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ ئېيتقان شېئىرىنىڭ شەكلى ۋە ھەجمى بىر خىل ئەمەس. مەسىلەن، خالىستا (25 مىسرا)، مازار (30)، چىلەك (30)، غۇلجا (15) ۋارىيانتلىرىدا شېئىر مۇخەممەس شەكلىدە بولۇپ، قالغان ئىككىسىدە (ئاقسۇ 24، قەشقەر 20 ۋارىيانتلىرىدا) غەزەل شەكلىدە يېزىلغان. شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، مىراس ژۇرنىلىدىكى بۇ غەزەل تۆتلۈك شەكلىدە ناتوغرا بېرىلگەن. ئىلى تەۋەسىدە ئىجادىي يوسۇندا ئىشلەنگەن «يۇسۇف - زىلەيخا»نىڭ ئاپتورى توغرۇلۇق ت. رەيھانوف غۇلجا ناھىيىسىدە ياشىغان شەمسىددىن خەلپە دېگەنىدى. كلاسسىك

ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا شەمسىددىن ئىسىملىك ئەدىب بولۇپ، ئۇنىڭ «غېرىب ـ سەنەم» داستانى بىزگە مەلۇم. مەزكۇر ئەدىبنىڭ قولىيازمىسىنى ساقلاپ كەلگەن مەشھۇر مەرىپەتچى ۋە ژۇرنالىست سابىرجان شاكىرجانوفنىڭ (1890 ــ 1970) بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، داستاننىڭ مۇئەللىپى شەمسىددىن غۇلجىلىق ئىكەن. مەزكۇر ئىككى ئەسەرنىڭ ئىجادكارلىرى بىر شەخس بولۇشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى ئىككى داستاننىڭ تىل ئۇسلۇبى، ماھارىتى، بەدىئىي ئۇسۇللىرى جەھەتتىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ يېقىنچىلىقى سېزىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «يۇسۇف ـ زىلەيخا» دىكى «مەن كېتۇرمەن بۇ جەھاندىن خەيلى خىشىم ياخشى قال» مىسراسى، «غېرىب ـ سەنەم»دە «مەن كېتەر بولدۇم جاھاندىن ئەي يارانلار، ياخشى قال» شەكلىدە يېزىلغان. «يۇسۇف ـ زىلەيخا»، «غېرىب ـ سەنەم» كەبى ئەسەرلەرنى بىۋاسىتە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن ئەمەس، سەۋەبى مەزكۇر ئىجادلار ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بارلىق تەلەپلىرىگە لايىق يېزىلغان يازما بەدىئىي مىراسلاردۇر. ئەسەرنى ئىككى ژانىردا بۇنىڭدىن تاشقىرى شېئىرلارنى ئارۇز سىستېمىسىدا يېزىش ئىجادكاردىن يۇكسەك ماھارەتنى، شېئىر تېخنىكىسىنىڭ مۇكەممەللىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئەدەبىي يادىكارلىقلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادكارى بولغانلىقى شۈبھىسىز. بۇ مەسىلىلەرنى ئەدەبىياتشۇناسلار بىلەن فولكلورشۇناسلار ھەمكارلىقتا ھەل قىلىشى مۇمكىن.

شەمسىددىن ھەققىدە ن. پانتۇسوف 1881 ـ يىلى قازاندا چىققان «غازات دەر مۇلكى چىن، داستانىغا ئىزاھلار» دېگەن كىتابىدا تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى كۆرسەتكەن: «مەزمەخان سۇلتاننىڭ، ئەلاخان سۇلتاننىڭ ۋە شەمسىددىن خەلىپەنىڭ ئانىلىرى خۇداقۇلى خەلىپەمنىڭ قىزلىرى ئىكەن. شەمسىددىن خەلىپىنىڭ قەمىرىدىن ئىسىملىك ئوغلى بولۇپ، ئاراتۆستەڭنىڭ جىگدىلىك تام كەنتىگە يېقىن بۇلاق دېگەن جايى 1881 ـ يىلىدا ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىكەن.»

يىگىرمە يىل مۇقەددەم ئىككىنچى ماقالىمىزدا ئەنە شۇنداق مۇلاھىزىلەرنى مۇتەخەسسىسلەر دىققىتىگە ھاۋالە قىلغانىدىم. ھازىرقى كۈندە يەنە بىر ماقالە يېزىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. دەسلەپتە ئاپتورلۇق مەسىلىسى توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈش زۆرۈر. بىرىنچى، ئابدۇللا ھاپىزنىڭ (1875 ـ 1956) ئاپتورلۇقى ھەققىدە. شائىر ئابدۇللا (ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي) يۇقىرىدا بىز مىسالغا ئالغان ئۆرتەر غەزەلىنىڭ مەقتەئىنى تۆۋەندىكىچە ئاياغلاشتۇرغان:

دېگەي ئەبدۇللا يۇسۇف قىسسەسىدىن نەچچە ئەبىياتلار،
ئىشتىكەنلەر بولۇر ئاشىق كامالى خانۇمان ئۆرتەر.

بىرىنچىدىن، ئابدۇللا خالىس تەخەللۇسىنىڭ ئورنىغا ئۆز ئىسمىنى قويۇۋالغان. بۇ ئەھۋال كىتابنىڭ ئاخىرىغىچىلا داۋاملاشقان. ئىككىنچىدىن، تېكىستولوگىيە جەھەتتىن مۇجمەللىككە يۈزلەنگەن پەرقلەر بولۇپ، ۋەزىن بۇزۇلۇپ ئاھاڭدارلىقمۇ سۇسلاشقان.

خالىستا بىسمىللاھدىن كېيىن نەسرىي تېكىست ئىككى بەت بولسا، ئابدۇللا ھاپىزدا ئۈچلا قۇر. كىتابتا بەش بەندتىن ئىبارەت مۇخەممەسنىڭ ئىككىسى بولۇپ، ئۈچ بەند چۈشۈپ قالغان، يەنى تۆتىنچى ۋە بەشىنچى بەندلەر داستاندا بار. تۆتىنچى بەندنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مىسرالىرى ئابدۇللا نۇسخىسىدا مۇنداق تەرىزدە بېسىلغان:

چېكەر بۇلبۇل نەدا گۇل ۋاختى بولسا بوستان ئىچرە،
چېكەر يۈز نەغمە ئاھۇنى كېچە ـ كۈندۈز فىغان ئىشرە.

ت. رەيھانوف نۇسخىسىدا تۆۋەندىكىچە:

چىكەر بۇلبۇل نەۋا گۇل ۋەقتى بولسا گۈلىستان ئىچرە،
تۆزەر يۈز نەغمەئى ئاھەڭ كېچە ـ كۈندۈز فىغان ئىچرە.

بۇ يەردە شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەنكى «گۈلىستان» سۆزى ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن، يەنى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم تەلىپى بويىچە «گۈلىستان» دەپ يېزىلىدۇ.

ئەمدى غۇلجا نۇسخىسى تۇرپانيۇزىنىڭ ئارا مەھەللىسىدە ياشىغان ۋاھىددىن باھاموفنىڭ (1948 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نۇسخىسىغا كىلىدىغان بولساق، بۇنىڭمۇ ئاپتورى مەرھۇم باھاموف ئەمەس، ئۇ 1941 ـ يىلى ئەسەرنى كۆچۈرگەن كاتىپ. شۇڭا، ئەدىب ئۆز نۇسخىسىدا شاھ ھەكىمنىڭ خالىس تەخەللۇسىغا قول تەگكۈزمەي، ھەممە يەردە دېگۈدەك ساقلاپ قالغان. قادىر ئەكبەرنىڭ «ھازىرغىچە مەلۇم بولغان نۇسخىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ چىقتى» دېگىنىمۇ ھەقىقەت.

بىز بۇنىمۇ ت. رەيھانوفنىڭ نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. نەسرىي مۇقەددىمەدىن كېيىن كەلگەن شېئىرىي مەتىنلەرنىڭ تۆت بەندى تولۇق، مەتلەئ تولۇق ئەمەس، ئۇنىڭ پەقەت ئىككى مىسراسى بولۇپ، ئۈچ مىسراسى چۈشۈپ قالغان.

بىرىنچى بەندنىڭ ئىككى مىسراسى مۇنداق ئېلان قىلىنغان:

ئۆزىنىڭ نۇرىدىن قادىر ئىگەم بىر نۇر ئەيان قىلدى،
مۇھەممەت نۇرى ئول ئاندىن دۇ جاھان قىلدى.

بىرىنچى مىسرادا چاتاق يوق، بوغۇم سانى ۋە ۋەزىن ئۆز ئورنىدا. بىراق ئىككىنچى مىسرادا ئۈچ بوغۇم كەم، ۋەزىن بۇزۇلغان. شۇنداقلا تېكىستولوگىيە جەھەتتىن سەۋەنلىك مەۋجۇت. ت. رەيھانوف نۇسخىسىدا ئىككىنچى مىسرا مۇنۇ شەكىلدە بېرىلگەن:

مۇھەممەد نۇرى ئول بولدى كىئاندىن دۇ جەھان قىلدى،

ئەمدى تۆتىنچى بەندنىڭ دەسلەپكى ئىككى مىسراسىنى مىسالغا ئالايلى:

چىكەر بۇلبۇل پىغانلار نەۋباھاردا گۈلىستان ئىچرە،
تۆزەر يۈز نەغمەئى ئاھى كى ھەردەم ئەرمۇغان ئىچرە.

بۇنىڭدا تېكىستتە كەمچىلىك بار، ئارۇز ئۆلچىمى ئۆز تەرتىپىدە كەلگەن، بىراق مەسىلە «گۈلىستان» سۆزىنىڭ يېزىلىشىدا. بەزىبىر شېئىرلارنىڭ كۆپلىپتلىرى چۈشۈپ قالغان. نەشرگە تەييارلىغۇچى بەزى جايلاردا ئۆچ چېكىتلەرنى قويغان. بۇ تېكىستنى قىسقارتىش ئالامەتلىرىمۇ؟ بۇ تەرىپى بىزگە ئېنىق ئەمەس. شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمەنكى، مەن باھاموفنىڭ قولىيازمىسى بىلەن تونۇش ئەمەس، مېنىڭ سېلىشتۇرۇشۇم «بۇلاق»تا ئېلان قىلىنغان نەشرى بىلەن بولۇۋاتىدۇ.

2006 ـ يىلى شائىر ۋە تەتقىقاتچى باتۇر ئەرشىدىنوف «گۈزەل قىسسە ‹يۈسۈف ۋە زىلەيخا›» ناملىق كىتابىنى نەشر ئېتىپ، ئۇنىڭدا مەزكۇر داستاننىڭ قەشقەر ۋارىيانتىنى ئېلان قىلدى. مۇئەللىپنىڭ

مەلۇماتىغا قارىغاندا، داستان مەتنى ترانسلىتىراتسىيە ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان. بىراق، نەشرىنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە بۇ ئۇسۇل ئىزچىل ساقلانماي، ترانسكرىپسىيە ئۇسۇلى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن.

ب. ئەرشىدىنوف قەشقەر ۋارىيانتىنى باشقا نۇسخىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققان، ت. رەيھانوف قولىدا ساقلانغان قوليازمىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان. بۇ توغرۇلۇق ئۆزى كىتابتا تۆۋەندىكى مەلۇماتنى بەرگەن: «ئىلى نۇسخىسى ئالمائاتا شەھىرى تۈركمەن كوچىسىدا تۇرغۇچى تۇرسۇن رەيھانوفنىڭ قولىدا ساقلىنىدۇ. بۇ كىشى 1962 ـ يىلى غۇلجىدىن كۆچۈپ چىققاندا ئاشۇ قوليازمىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ چىققان. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ۋاپاتى (1984 ـ يىلى) مۇناسىۋىتى بىلەن قوليازما يوقاپ كېتىپ، تونۇشۇشتىن مەھرۇم بولدۇق (كىتاب ئالمائاتا 2006 ـ يىل نەشرى، 15 ـ بەت). باتۇر ئاكىنىڭ مەلۇماتى ناھايىتى توغرا. 1977 ـ يىلى مەن «يۇسۇف ـ زىلەيخا، داستانى كىمنىڭ» دېگەن ماقالەمنى گېزىت سەھىپىسىدە ئېلان قىلغاندا، ب.ئەرشىدىنوف: «شۇ كىشى بىلەن تونۇشتۇرسىڭىز» دەپ ئىلتىماس قىلغانىدى. مەن ئۇلارنى تونۇشتۇردۇم. بىراق ت. رەيھانوف قوليازمىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمىدى، «ئالمائاتا يېنىدىكى قىزىل غەيرەت يېزىسىدا تۇرىدىغان ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىۋەتتىم» دەپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭغا قارىماي يۇقىرىقى كىتابىمىزنىڭ يەنە بىر يېرىدە باشقا دېرەك بەرگەن: «تۇرسۇن رەيھانوف قولىدىكى ئىلى نۇسخىسى بىلەن 1974 ـ يىلى چىلەكتە تونۇشقانىدۇق. چۈنكى ئۇ شۇ يىللىرى چىلەك يېزىسىدا ياشايتتى. بۇ نۇسخىمۇ تامامەن خالىس ۋارىيانتى ئەمەس، گەرچە بىر بۆلۈك شېئىرلار خالىس ۋارىيانتىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ۋەقەلىكى خالىس ۋارىيانتى كەبى مەسنەۋى بىلەن ئەمەس بەلكى، پروزا (نەسىر) ۋارىيانتى بىلەن يېزىلغان. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ت. رەيھانوف قولىدىكى نۇسخىنىڭ تەسۋىرى ئۆز ئالدىغا باشقا ۋارىيانت بولۇپ سانىلىدۇ». (شۇ كىتاب، 48~49 ـ بەتلەر).

قەشقەر ۋارىيانتىنىڭ يورۇققا چىققانلىقى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان ئوبدان قەدەم. مەزكۇر داستاننى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىشتا يەنە بىر ئىناۋەتلىك مەنبە پەيدا بولدى دېگەن سۆز. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭدىكى سەۋەنلىكلەر نەشر سۈپىتىنى ۋە تەتقىقات قىممىتىنى تۆۋەنلەتمەكتە. بىرىنچىدىن، بۇ ۋارىيانتتا خالىس تەخەللۇسى ئۇچرايدىغان بەند ۋە بەيتلەرنى ب. ئەرشىدونوف قىسقارتىپ، قوليازما مەتنىدىن چىقىرىپ تاشلىغان. ئىككىنچىدىن، بەزىبىر مىسرالارنى باشقا نۇسخىلاردىن ئېلىپ، شۇ تېكىستكە كىرگۈزگەن. تېكىستولوگىيىلىك كەمچىلىكلەر ئاز ئەمەس. ئارۇز ئۆلچەملىرىنىڭ بۇزۇلغانلىرى خېلى بار. بۇ نەشر ئالاھىدە تەتقىقات ماقالىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلىدا پەيدا بولغان ت. رەيھانوف ۋارىيانتى بىز خەلق داستانلىرى دەپ يۈرگەن بارلىق نۇسخىلار ئىچىدە ئۆزىگە ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇنىڭ ئىجادكارى ھەققىدە كۆپ بولمىسىمۇ ئۇچۇرلار بار. نەسىر ۋە شېئىرلارنىڭ بەدىئىيلىكى ئۈستۈن، ئارۇز بەھرىلىرى (ھەزەج، رەمەل، رەجەز)نى ئۇستىلىق بىلەن قوللانغان.

ت. رەيھانوف ۋە چىلەكتە تېپىلغان قوليازمىلار تېخى نەشر ئېتىلمىدى. بۇلارنىمۇ يورۇققا چىقىرىپ داستانشۇناسلىق تەتقىقات ئىشلىرىمىزغا جەلپ قىلىش زۆرۈر. چۈنكى بۈيۈك رۇس ئالىمى، ئاكادېمىك لىخاچوف: «بىر ئەسەرنىڭ مەۋجۇت نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالاھىدە ـ ئالاھىدە نەشر قىلىش ئىلمىي جەھەتتىن زۆرۈر، سەۋەبى ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئەھمىيىتى، قىممىتى بار» دېگەن. بىزمۇ مۇشۇ پەنني تەلەپنى ئەمەلىيەتتە قوللانساق، تەتقىقاتلىرىمىزنىڭ ئىلمىي دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولاتتى.

(ئاپتور قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى)

uyghurkitap.com



# قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى قۇش ئىسىملىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

رازىيە نۇرى

قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپلا قالماي، بەلكى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ پەخىرلىك ئورۇنغا ئىگە. بۇ يازما يادىكارلىقلار ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان ئىجاد قىلغان ۋە ئىشلەتكەن تۈرك رۇنىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق كۆپ خىل يېزىقلاردا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي مۇساپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا ۋە كىشىلىك قىممەت قاراشلىرى، ئىلىم ـ ئەخلاق چۈشەنچىلىرى، غايە ئىنتىلىشلىرى بىرقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ تۈرى ۋە مەزمۇنى كۆپ بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. بۇ يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ۋە رەتلەش ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

مەلۇمكى، تەبىئەت ۋە تەبىئەتتىكى شەيئىلەر بەدىئىي ئىجادىيەتتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە يازغۇچىنىڭ ئوي ـ پىكرى دۇنيا قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. گەرچە ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر بولسىمۇ، بىز بۇ ئەسەرلەردە تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى، ھايۋاناتلارنى، جۈملىدىن قۇشلارنى تەسۋىرلەيدىغان نۇرغۇن گۈزەل مەزمۇنلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ مەزمۇنلار ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە گەۋدىلەندۈرۈشتە رول ئويناپلا قالماستىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت بىلىملىرىنى بىزگە يەتكۈزىدۇ.

دۆلىتىمىزدە ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدىغان قۇش ناملىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار كۆپ ئەمەس. بۇ يازما يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدىغان قۇش ناملىرى، ئۇلارنىڭ تارىخى، ئۆزگىرىشى ۋە ھازىرقى تىلىمىزدىكى ساقلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەتقىقات، بۇ قۇش ناملىرىنىڭ تارىخىي دەۋرلەردىكى شەكلى ۋە ھازىرقى شەكلىنى سېلىشتۇرۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە «ئىرق بىتىگ»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «سادىپرا ئۇرۇدىتا ۋە دارما ئۇدگاتانىڭ ھېكايىسى» قاتارلىق ئوخشىمىغان دەۋرلەردە يېزىلغان يازما يادىكارلىقلاردا كۆرۈلگەن قۇش ئىسىملىرى ۋە قۇش تەسۋىرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى ئەڭ بۇرۇن كۆرۈلگەن قۇش ئىسىملىرى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدا يېزىلغان ھازىرغىچە ساقلانغان بىردىنبىر قوليازما «ئىرق بىتىگ»(پالنامە دەپمۇ ئاتىلىدۇ)دە ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەر دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بولۇپ، مانى دىنى مۇرىتلىرى تەرىپىدىن 9 ~ 10 ـ ئەسىردە

كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئەسەردىكى قۇشلارغا ئائىت تەسۋىرلەر تۆۋەندىكىچە:

3. altun qanatïγ talïm qara qušmän.
يەشمىسى: ئالتۇن قاناتلىق قارا قۇماي (تازقارا) مەن.

4. ürüŋ äsri toγan qušmän.
يەشمىسى: ئاق رەڭلىك لاچىنمەن.

يەشمىسى: قۇزغۇننى دەرەخكە باغلاپتۇ.

15. quš oγlï uča aztï.
يەشمىسى: قۇش بالىسى ئۇچۇپ ئازدى.

21. qarï üpgük yïl yarumazqan ätdi.
يەشمىسى: بىر قېرى ھۆپۈپ يىل يورىماستىن (باھار كەلمەستىن) سايرىدى.

23. oγlan käkük täzäkin bultï.
يەشمىسى: ئوغلان كاككۇك تېزىكىنى تاپتى.

35. är sükä barmïš. atï armïš. är quγu qušqa soqušmïš. quγu quš qanatïn urup anïn qalïyu barïpan ögiŋä qaŋïŋa tägürmiš.

يەشمىسى: ئەر جەڭگە بېرىپتۇ. ئېتى ھېرىپ قاپتۇ. ئەرگە ئاق قۇ ئۇچراپتۇ. ئاق قۇ قانىتىنى قېقىپ ئۇنى ئاسمانغا ئېلىپ بېرىپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ.

43. toγan ügüz qušï qušlayu barmïš. utru talïm qara quš qopupan barmïštır.
يەشمىسى: بۈركۈت دەريا قۇشىنى ئوۋلاپ بېرىپتۇ. ئۇدۇلدا قارا قۇماي (تازقارا) ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

44. toγan quš täŋridäm qodï tabïšqan tipän qapmïš...
يەشمىسى: بۈركۈت ئاسماندا توشقاننى كۆرۈپ تۇتقىلى چۈشۈپتۇ.

51. talïm qara quš män.
يەشمىسى: قارا قۇماي (تازقارا) مەن.

61. turnya quš tüšnäkiŋä qonmiš.
يەشمىسى: تۇرنا ئارام ئالىدىغان يېرىگە قونۇپتۇ.

قۇش تەسۋىرى ۋە قۇشناملىرى يەنە بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قولىيازما «ساداپىرا ئۇرۇدىتا ۋە دارما ئۇدگاتانىڭ ھېكايىسى»دە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇ قولىيازمىنى فرانسىيىلىك ئالىم پائول پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن بايقىغان بولۇپ، جەمئىي 34 بەت، 381 كۇپلېت، 356 مىسرادىن تەشكىل تاپقان باش قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان شېئىرىي ئەسەر. بۇ ئەسەردە ناھايىتى جانلىق ۋە گۈزەل قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئارقىلىق ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋانىڭ «بىلگە بىلىگ پارامىت نوم» ياكى «پىراتىيا پارامىت نوم» (خەنزۇچە «大般若经»، سانسكرىتچە (Mahāprajñāpāramitā – sūtra) نى ئىزدەش سەپىرى ۋە بۇ نومنى دارما ئۇدگاتا بودساتۋادىن ئۆگىنىش جەريانى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، زور

ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە. بۇ ئەسەر ھازىر پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئەسەردىكى قۇشلارغا ئائىت تەسۋىرلەر تۆۋەندىكىچە:

مەتىننىڭ ترانسكرىپسىيىسى:

yänä ymä ol yemišliklärdä
96 13 yarašï körklä ||yullarï ärip
yaγ täg süt täg suvlarï ol.
97 14 yarïlu ačïlmïš lenhwa ||čäčäklärï ärip.
yaltrïyu turur öŋlärï ol.

ol yullarnïŋ ičin-
98 15 [tä] yänä

32

ödräk aŋït käklik
üpüp qušγač čïlïq

33

99 16 kalav(i)nk čivačivak ||[y]uy quš
kapinč(a) lägläk qaz quš

34

köküš kakük tuti
100 17 kökürčgän turya ||[quš]ta ulatï
tü törlüg tümän baγlïγ
tüšrüg äsriŋü yüglüg qanat||[lïγ]
101 1 [kö...]nlärin yasïp čalqïnlarïn čapa
102 [kö...] qudruq||larïn tikä

35

köküzlärin böksäglärin sürtünü
103 3 körüŋlärin qaynïqlarïn ||etinü

36

öŋdün kedin baqïnu
öŋlärin yüglärin sïqanu
104 4 ögän qïdïγ||larïnda qïmrayu
örü učγalï talpïyu

37

qarïšu oynayu
qačurušu toqïšu
105 5 qaqïlayu ätinäyü
qaŋšïlayu čïrïnayu ünäyürlär.

يەشمىسى:

ئۇ مېۋىلىك باغلاردا يەنە ناھايىتى ياراشقان گۈزەل ئېقىنلار بار ئىدى، (بۇ ئېقىنلارنىڭ سۇلىرى) ياغدەك، سۈتتەك ئىدى. پورەكلەپ ئېچىلغان نىلۇپەر گۈللەر بار بولۇپ، (بۇ گۈللەر)نىڭ رەڭلىرى چاقناپ يالتىراپ تۇراتتى. بۇ ئېقىنلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئۆردەك، ھاڭگىرت، كەكلىك، ھۆپۈپ، قۇشقاچ، چۈللۈق، تورغاي، قىرغاۋۇل، توز، ئورمان چىلى، لەيلەك، غاز، كۆكۈش كاككۇك، تۇتى، كەپتەر، تۇرنا قاتارلىق خىلمۇ خىل تۈرلۈك تۈمەن ھەر خىل رەڭلىك قاناتلىق قۇشلار (مەتىندە بىر سۆز چۈشۈپ قالغان...) لىرنى يېيىپ، قاناتلىرىنى قېقىپ، قۇيرۇقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پەيلىرىنى تاراپ، تۇمشۇقلىرى بىلەن ئۆزىنى ياساۋاتاتتى. (بۇ قۇشلار) ئالدى ـ كەينىگە بېقىپ، پەيلىرىنى تاراپ، دەريا بويلىرىغا يىغىلىشىپ ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن چوقۇشۇپ ئوينىشىپ، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، قاقىلدىشىپ ۋىچىرلىشىپ سايرىشىۋاتاتتى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇلۇغ ئالىمىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان، ئىسلام دەۋرىگە ئائىت بۈيۈك ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك»تىمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «ساداپىرا ئورۇندىتا ۋە دارما ئۇدگاتانىڭ ھېكايىسى»دە ئۇچرىغان تەسۋىرلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەزمۇنلار بار. بۇ مەزمۇنلار «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تۆتىنچى بابى (پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى بايانى)دا ئۇچرايدۇ. بۇ تەسۋىرلەر تۆۋەندىكىچە:

70 tümän tü çiçäklär yazıldı külä
yıpar toldı kafur ajun yıd bilä

يەشمىسى:

70. تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ،
ئىپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

71 saba yeli koptı karanfil yıdın
ajun barça bütrü yıpar burdı kin

71. ئېسىپ تاڭ شامىلى قەلەمپۇر پۇراق،
ئىپار بويىغا تولدى دۇنيا بىراق.

72. غاز، ئۆردەك، قىل، ئاق قۇ خۇشاللىق بىلەن
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقىرى ـ تۆۋەن.

72 kaz ördäk kugu kıl kalıkıg tudı
kakılayu kaynar yokaru kudı

73. ئەنە كۆر، بىرى قونسا، ئۇچار ئۇ بىرى،
بىرى ئۈزسە ئويناپ، ئىچەر سۇ بىرى.

73 kökiş turna köktä ünün yaŋkular
tizilmiş titir täg uçar yelgürär

74. تىزىلغان تۆگىدەك كۆكۈش تورنىلار،
ئۇچار، يەلپۈنەر ھەم ئۈنىن ياڭرىتار.

74 ular kuş ünin tüzdi ündär eşin
silig kız okır täg köŋül bermişin

75. ئۇلاي قۇش سايرىدى ئۈندەپ يولدىشىن،
گۈزەل قىز قىچىرغان كەبى سۆيمىشىن.

75 ünin ötti käklik külär katgura
kızıl agzı kan täg kaşı kap kara

76. قاقىلدادى كەكلىك، كۈلۈپ قاتقارا
قىزىل ئاغزى قاندەك، قېشى قاپقارا.

76 kara çumguk ötti sıta tumşukın
üni oglagu kız üni täg yakın

77. قارا قۇشقاچ ئۆتتى سىتا تومشۇغىن،
ئۈنى نازىن قىزنىڭ ئۈنىگە يېقىن.

77 çiçäkliktä sandvaç ötär mıŋ ünün
okır suri ıbri tünün häm künün

«ساداپىرا ئۇرۇدىتا ۋە دارما ئۇدگاتانىڭ ھېكايىسى» بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەر. ئەسەردىكى قۇشلارغا ئائىت مەزمۇنلار ساداپىرا ئۇرۇدىتا ئىزدەۋاتقان نوم بار شەھەر سۇگانداپۇرنىڭ تەسۋىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەردە سۇگانداپۇر شەھىرى جەننەت كەبى غايىبانە شەھەر قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى قۇش تەسۋىرىمۇ جەننەت كەبى بىر مەنزىرىنى تەسۋىرلىگەندە ئىشلىتىلگەن. بىراق، يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردە ئۇچرىغان قۇشلار تەسۋىرلەنگەن بۇ بۆلەكلەرنىڭ ئەسەر مەزمۇنى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق. «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «ساداپىرا ئۇرۇدىتا ۋە دارما ئۇدگاتانىڭ ھېكايىسى» ئوخشىمىغان دەۋردە يېزىلغان، تارىخىي، دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشى، مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى ئەسەر، ئەمما بۇ ئىككى ئەسەردىكى قۇشلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە تەسۋىرلەر ئوخشىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، ئىككى خىل دىنىي ئېتىقادتىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، تىل، مىللىي ئەنئەنە جەھەتتىن چوڭقۇر باغلىنىشى بار.

ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تەبىئەت ھادىسىلىرى، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارغا ئائىت مەلۇماتلارمۇ خېلى كۆپ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن قۇش ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1. quš قۇش (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 234 ـ بەت). ئۈرۈك قۇش — ئاق لاچىن. قارا قۇش — قارىقۇش. تەۋە قۇش — تۆگىقۇش. يۇن قۇش — توز. ئېل قۇش — تاسقارا. ئاندىن قالسا، مۇشتەرى يۇلتۇزىمۇ «قارا قۇش» دېيىلىدۇ. مۇشتەرى يۇلتۇزى چىقسا، «قارا قۇش تۇغدى» دېيىلىدۇ. بۇ يۇلتۇز ئۇياقلاردا تاڭ ۋاقتىدا چىقىدۇ. ئوغۇزلار تۆگە پۈتلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ «قارا قۇش» دەيدۇ. قىز قۇش — پەيلىرىنىڭ رەڭگى خامېلېئونغا ئوخشاش ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل قۇش.

2. aya yärsgü ئايا يەرسگۈ — شەپەرەڭ (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم 885 ـ بەت). بەزىلەر بۇنى

«يەرسە» دەيدۇ. چىگىلچە.

3. turna تۇرنا (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم 329 ـ بەت).

4. qarγa قارغا ~ قاغا (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 554 ـ بەت). ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: قارغا قارىسىن كىم بىلىر، كىشى ئالاسىن كىم تاپار — قارغىنىڭ قېرىسىنى كىم بىلەر، كىشىنىڭ ئالىسىنى كىم تاپار. قارغىنىڭ قېرىسىنى كىم تونۇيالايدۇ، ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنى كىم بىلەلەيدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: قارغا قالى بىلسە مۇڭىن ئول بۇز سوقار، ئاۋچى ياشىپ تۇزاق تابا مەڭگە ياقار «قارغا (ئاچلىق ـ تەشنالىق) دەردىنى بىلسە ئۇ مۇز چوقۇيدۇ، ئوۋچى يوشۇرۇنۇپ ياتسا، تۇزاقتىكى دانغا يېقىنلىشىدۇ.» قارغا ئاچلىق — تەشنالىق دەردىنى سەزسە. مۇزنى چوقۇيدۇ، يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئوۋچىنى كۆرمەي، ئۇنىڭ تۇزىقىدىكى داننى يەيمەن دەپ بالاغا قالىدۇ.

5. kökürčkän كەپتەر (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم 571 ـ بەت).

6. ördäk ئۆردەك (1 ـ توم 144 ـ بەت) غاز كەتسە، ئۆردەك كۆلنى ئىگىلەر.

7. qara quš قاراقۇش — قارا قۇش، بۈركۈت (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم 305 ـ بەت). قارا قۇش — مۇشتەرى يۇلتۇزى. بۇ تاڭ ۋاقتىدا چىقىدۇ. بەزىدە «قارا قۇش يۇلتۇز» دېيىلىدۇ. قارا قۇش — تۆگە تاپىنىنىڭ چۆرىسى.

8. lačin لاچىن. بۇ بىر خىل يىرتقۇچ قۇش (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 533 ـ بەت). باتۇر يىگىتلەرمۇ «لاچىن» دېيىلىدۇ. بۇ قۇش «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە: čaγri, čawli, käkük, ürüŋ quš, boz quš, toγil, suŋqur, turumtay دېگەن ناملاردىمۇ بېرىلگەن.

9. taqïγu توخۇ. توخۇ جىنسىنىڭ ئومۇمىي نامى (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 285 ـ بەت). كېيىن خوراز «ئەركە تاقاغۇ»، مېكيان «تىشى تاقاغۇ» دەپ پەرقلەندۈرۈلگەن. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: يازىدىقى سۇۋۇلىن ئەزئەرگەلى ئەۋدەكى تاقاغۇ ئىچگىنما — قىردىكى قىرغاۋۇلنى ئوۋلايمەن دەپ، ئۆيدىكى توخۇنى قولدىن چىقىرىپ قويما. بۇ ماقال يوق نەرسىنى دەپ، قولدىكى نەرسىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقنى ئۇندەپ ئېيتىلىدۇ.

10. qaz غاز (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم 204 ـ بەت).

11. aŋït ھاڭگىت ~ ھاڭغىت (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 125 ـ بەت). ئۆردەككە ئوخشاپراق كېتىدىغان قىزغۇچ قۇش.

12. baliqčin بېلىقاغۇچ ~ بېلىقچى (قۇش) (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 665 ـ بەت). بېلىق ئوۋلايدىغان ئاق قۇش.

13. ša سار (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم 192 ـ بەت). «شا» دېيىلىدىغان قۇشقا ئوخشايدىغان بىر خىل ئالىچىپار قۇش.

14. üpüp ھۆپۈپ (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 107 ـ بەت).

üpgük ھۆپۈپ. چىگىلچە (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 148 ـ بەت).

15. täŋlägüč سار. ئوغۇزچە (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم 350 ـ بەت).

täŋlägün سار. باشقا تۈركلەرنىڭ تىلىدا (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم 350 ـ بەت).

16. torγa تورغاي (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم 239 ـ بەت).

17. saγïzγan سېغىزغان ~ سېغىزغان (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 376 ـ بەت).

18. sanduvač بۇلبۇل (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم 245 ـ بەت). شېئىردا مۇنداق كەلگەن: سەندەن

قاچار سۇندىلاچ، مەندە تىنار قارغىلاچ، تاتلىغ ئۆتەر ساندۇۋاچ، ئەركەك ـ تىشى ئۇچراشۇر [سەندىن قاچار سۇڭگۇلۇگۇچ، مەندە تىنار قارلىغاچ، تاتلىق سايرار بۇلبۇل، ئەركەك ـ چىشى ئۇچرىشار.] ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسىنى تەسۋىرلەپ دەيدۇ: ياز قىشقا ئېيتىدۇ، سەندىن سۇڭگۇلۇگۇچ قاچىدۇ، مەندە بولسا قارلىغاچلار يايرايدۇ؛ بۇلبۇللار نەغمە قىلىدۇ، ئەركەك بىلەن چىشى قوشۇلىدۇ.

19. tewe quš تەۋە قۇش — تۆگىقۇش (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 234 ـ بەت).

20. yapaqulaq مۇشۇكياپىلاق، (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم 67 ـ بەت). (هۇۋقۇش. ياباقۇ ۋە يەمەك تىللىرىدا.

ühi ئۇكە، هوۋقۇش. (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 218 ـ بەت) تۈرك خەلقىنىڭ كۆپى بۇ سۆزنى «ك ـ» k بىلەن «ئۇكى» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ، توغرىسىمۇ شۇ. چۈنكى، تۈركىي تىلىدا بوغۇزدىن چىقىدىغان «ھ ـ» تاۋۇشى يوق.

ügi ئۇكە، هۇۋقۇش (ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم 327 ـ بەت). تۈركلەرنىڭ كۆپچىلىكى «ئۇكى» دەيدۇ.

quburγa هۇۋقۇش (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 636 ـ بەت).

21. käklik كەكلىك (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 626 ـ بەت).

22. yün quš توز (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 432 ـ بەت).

23. süglin /süwlin قىرغاۋۇل. بۇ سۆز «سۈۋلىن» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 578 ـ بەت).

24. bödürsin بۆدۈنە (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 666 ـ بەت). شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئۆزۈم مەنىڭ بۆدۈرسىن، ئوتى ئانىڭ چاقلانۇر [مېنىڭ كۆڭلۈم (گويا بىر) بۆدۈنە، ئۇنىڭ ئوتى چاقنايدۇ.] مۇھەببەتنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: مەن ئۇنىڭ مۇھەببەت ئوتى ئەتراپىدا خۇددى بۆدۈنىگە ئوخشاش چۆرگىلەيمەن.

25. quzγun قۇزغۇن (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 572 ـ بەت). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بۆرىمەنگ ئورتاق، قۇزغۇنۇڭ يىغاچ باشىندا — بۆرىنىڭ ئورتاق، قۇزغۇننىڭ دەرەخ بېشىدا. قاغا ـ قۇزغۇن بۆرىنىڭ تاپقىنىغا تەڭ شېرىك بولىدۇ؛ ئۆزىنىڭ تاپقىنىنى بولسا دەرەخ بېشىدا ئولتۇرۇپ يەيدۇ.

26. köti qïzlaq كۆتى قىزلاق — «قىزىل ئىشتان» دېيىلىدىغان بىر قۇش. (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 619 ـ بەت) ئۇنىڭ قۇيرۇقى قىزىل بولىدۇ.

27. baγïrtaq چىل. بېغىرتاق (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 654 ـ بەت).

28. qušγač قۇشقاچ (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 594 ـ بەت).

29. sïγïčïγ قارىغۇجا (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 652 ـ بەت).

30. qarγilač قارلىغاچ. بۇ سۆز «قارلىغاچ» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 682 ـ بەت).

31. quγu قۇ. ئاق قۇ (ئۇيغۇرچە نەشرى 3 ـ توم 311 ـ بەت).

32. qorday قوداي ~ قودا (ئۇيغۇرچە نەشرى 3 ـ توم 133 ـ بەت). شېئىردا مۇنداق كەلگەن: قورداي قوغۇ ئاندا ئۇچۇپ يۇمغىن ئۆتەر، قۇزغۇن ياڭان سايراپ ئانىن ئۈنى پۈتەر [قوداي، ئاق قۇ ئۇندا ئۇچۇپ توپلىشىپ ئۆتەر، قۇزغۇن، تاغ قاغىلىرى سايرىشىپ ئۈنلىرى پۈتەر.] بىر ئورۇننىڭ گۈزەللىكى تەسۋىرلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: قوداي ۋە ئاق قۇلار توپلىشىپ سۇ ئەتراپىدا ئۇچۇشىدۇ ۋە ھەر خىل

ئاۋازلار بىلەن سايرىشىدۇ، قۇزغۇن، تاغ قاغىلىرى تولا قاقىلداپ ئۇنلىرى پۈتۈپ كېتىدۇ.

33. qïl quš قىل قۇش — ئەتىيازدا كېلىدىغان، ئۆردەككە ئوخشاش بىر خىل قۇش (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم 439 - بەت). ئۇنى «قىل قۇزرۇق — قىل قۇيرۇق» دەپمۇ ئاتايدۇ.

34. el quš ئېل قۇش — تاسقارا (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم 432 - بەت).

35. baybayuq يېقىملىق سايرايدىغان بىر قۇش (ئۇيغۇرچە نەشرى 3 - توم 247 - بەت). دەرەخ شاخلىرىغا زەمبىلگە ئوخشاش ساڭگىلىتىپ ئۇۋا تىزىدۇ.

36. čulïq چۇللۇق. چوڭلۇقى پاختەكچىلىك كېلىدىغان، سۇدا ياشايدىغان ئالا قۇش. (ئۇيغۇرچە نەشرى 3 - توم 247 - بەت).

37. qašγaldaq قاشقالداق. ئۆردەكتىن كىچىكرەك سۇ قۇشى (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم 683 - بەت). شېئىردا مۇنداق كەلگەن: تەڭدە بىلە كۆرسە مېنى ئۆردەك ئاتار، قالۋا كۆرۈپ قاشغالاقى سۇۋقا پاتار [مېنى كۆلدە ئۆردەك ئاتقۇچى دەپ (ھېسابلىسا)، ئوقۇمنىڭ باشاقسىزلىقىغا قارىماي قاشقالداق سۇغا شۇڭغۇيدۇ.] ئوۋ قۇشى ھەققىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: كۆلدىكى قاشقالداق مېنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرسە، ئوقۇمنىڭ باشاقسىزلىقىغا قارىماي، «ئۆردەك ئاتقۇچى كەپتۇ» دەپ سۇغا شۇڭغۇيدۇ.

38. پاختەككە ئوخشايدىغان قۇش (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم 326 - بەت).

39. aŋ يېغى دورا بولىدىغان بىر خىل قۇش، قوداي. بۇ قۇشنىڭ يېغى ئالىقانغا سۈرۈلسە، قولنىڭ كەينىدىن سىزىپ چىقىدۇ (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم 57 - بەت).

40. čäkik قارا قىيالاردا ياشايدىغان، قۇشقاچقا ئوخشايدىغان ئالىچىپار قۇش (ئۇيغۇرچە نەشرى 3 - توم 418 - بەت).

41. közkünäk كۆزكۈنەك ~ كۆكىنەك. قارچۇغا، جاغالمايغا ئوخشايدىغان، ھاۋا يۇتىدىغان قۇش. (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم 648 - بەت)

42 qïz quš قىز قۇش — پەيلىرىنىڭ رەڭگى خامېلېئونغا ئوخشاش ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل قۇش (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم 432 - بەت).

يۇقىرىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردە كۆرۈلگەن قۇشلارنىڭ تەسۋىرى ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرىدا ئىزچىللىق ساقلانغان بولۇپ، مەيلى ئۇ ئەسەر شامانىزم دەۋرىدە يېزىلغان بولسۇن، مانى دىنى، بۇددا دىنى ياكى ئىسلام دىنى دەۋرىگە ئائىت بولسۇن، ئۇلارنىڭ قۇشلارنى تەسۋىرلەش ۋە قۇشلارنى ئاتاش ئۇسۇلى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ كەلگەن. ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردىكى ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولغان بۇ ئەسەرلەردىكى بۇ خىل ئورتاقلىقلارنى ئورخۇن دەۋرىدىلا شەكىللەنگەن ئەدەبىي ئەنئەنىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئوخشىمىغان دەۋردە يېزىلغان بۇ ئەسەرلەردىكى قۇشلارنىڭ ناملىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، قۇش ناملىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى جەريانىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋالالايمىز. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى قۇش ئىسىملىرى بىرقەدەر تولۇق بولۇپ، بىر قىسىم قۇشلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇدۇل كېلىدىغان ئىسمىنى تېپىش مۇمكىن بولمىدى. بۇ جەدۋەلدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى قۇش ناملىرى ئاساس قىلىندى. جەدۋەلنىڭ تەرتىپى ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغان دەۋرىگە ئاساسەن تىزىلدى.

| | ئۆرق بىتىگ | تۈركىي تىللار دىۋانى | قۇتادغۇ بىلىك | سادابرا ئۇرۇ-دىتا ۋە دارما ئۇدگاتانىڭ ھېكايىسى | ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى |
|---|---|---|---|---|---|
| | – | aŋ | | | قوداي |
| | – | aŋït | | | هاڭگىت~ هاڭگىت |
| | – | aya yärsgü | | | ئايا يەرسگۈ ـ شەپەرەڭ |
| | – | baliqčin | | | بىلىقاغۇچ ~ بىلىقچى |
| | | baybayuq | | | |
| | – | bayïrtaq | | | چىل |
| | | bödürsin | | | بۆدۈنە |
| | – | čäkik | | | چۈللۈق |
| | – | el quš | – | | ئىل قۇش ـ تاسقارا |
| | käkük | käkük | käkük | käkük | كاككۇك |
| | käklik | käklik | käklik | käklik | كەكلىك |
| | | kökürčkän | | kökürčkän | كەپتەر |
| | | köti qïzlaq | | | |
| | | közkünäk | | | قارچۇغا |
| | | lačin, turuntay čaγri, čawli, ürüŋ quš, boz quš | | | لاچىن |
| | ördäk | ördäk | ördäk | ördäk | ئۆردەك |
| | | qara quš | | | قارا قۇماي، تازقارا |
| | | qarγa | | | قاغا |
| | | taqïγu | | | توخۇ |
| | | qaz | qaz | qaz | غاز |
| | | üpüp, üpgük | | üpüp | ھۆپۈپ |
| | | qarγilač | | | قارلىغاچ |
| | | qašγaldaq | | | |
| | | qïz quš | | | قىز قۇش |
| | | qïl quš | | | ياۋا قارلىغاچ، قىل قۇش |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قوداي | | | qorday | | |
| ھۆۋقۇش، مۆشۆكياپىلاق | | | quburγa, ügi, ühi, yapaqulaq | | |
| ئاق قۇ | | | quγu | quγu quš. | |
| قۇشقاچ | | | qušγač | | |
| قۇش | | | quš | | |
| قۇزغۇن | | | quzγun | | |
| سېغىزغان | | | sayızγan | | |
| بۇلبۇل | | sanduvač | sanduvač | | |
| قارغۇجا | | | siγčiγ | | |
| قىرغاۋۇل | | | süglin /süwlin | | |
| سار | | | ša,täŋlägüč,täŋlägün | | |
| تۆگە قۇش | | | tewe quš | | |
| تۇرنا | | turya | turya | turya | |
| تورغاي | | | torya | | |
| توز | | | yün quš | | |
| قىرغاۋۇل | čivačivak | | | | |
| تورغاي | kalav(i)nk | | | | |
| ئورمان چىلى | kapinč(a) | | | | |
| لەيلەك | lägläk | | | | |
| شاتۇتى | tuṭi | | | | |
| ئۇلار | | ular quş | | | |
| قارا قۇشقاچ | | qara çumyuk | çumγuk | | |

پايدىلانمىلار:

Arat, Resit Rahmeti
1991 Kutadgu Bilig. I, metin. Ankara. Clauson, Sir Gerard
1972 An etymological dictionary of pre–thirteenth–century Turkish. Oxford.
Dankof, Robert and Kelly, James
Mahmid el–Kasgari, Compendium of the Turkic Dialects. Harvard University, parts I–III.
Erdal, Marcel 1982–1984

1979 'The chronological classification of Old Turkish texts'
'(Central Asiatic Journal 23, 151–175)

1991 Old Turkic Word Formation: a functional approach to the lexicon. Vols. I; II. Wiesbaden, Harrassowitz, (Turcologica, 7).

Ingeborg Hauenschild
2003 Die Tierbezeichnungen bei Mahmud al-Kashgari. Eine Untersuchung aus sprach- und kulturhistorischer Sicht. Harrassowitz, Wisbaden (Turcologica vol. 53).

Tekin, Sinasi
Budapest, Akadémiai Kiadó.
1980 Buddhistische Uigurica aus der Yüan-Zeit,
Zieme, Peter

1991 Die Stabreimtexte der Uiguren
von Turfan und Dunhuang. Studien zur alttürkischen Dichtung. Budapest, Akadémiai Kiadó.

耿世民著:《古代突厥文碑铭研究》，中央民族大学出版社，2005 年出版。
《福乐智慧》（维吾尔文），新疆社会科学院民族文学研究所编译，民族出版社，1984 年出版。

麻赫默德·喀什噶里:《突厥语大词典》(维吾尔文译本) 1 ～ 3 卷，《突厥语大词典》翻译组译，新疆人民出版社，1981 年、1983 年、1984 年出版。

(ئاپتور مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا)

ئەمەن بولما، سەنمۇ ئەلەم تارتسەن،
قولۇڭدىن بىراۋ چەككەن بولسا ئەلەم.
تاش ئاتما پەقەت سەن سىپىل ئۈستىگە،
ئۈيەردىن ياغار تاش بېشىڭغا شۇدەم.
— شىرىن رىشىدى خەتتات،

# «دىۋان»دىكى «ئۇيغۇر» ئاتالمىسىغا ئىنىقلىما

نۇسرەت تۇردى، ئابلىز ئورخۇن

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مىللەت تەۋەلىك مەسىلىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتىدا ئىزچىل تۈردە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. گەرچە بىزنىڭ ئۇستازلىرىمىزدىن ئىبراھىم مۇتىئىي، مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار تىل ۋە باشقا جەھەتلەردە ئېلىپ بارغان بىر يۈرۈش تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق مەزكۇر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسىمۇ، ئىلىم ساھەسىدە بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىشلار يەنىلا مەۋجۇت. تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قاراخانىيلار خان جەمەتىدىن بولۇشتەك ئالاھىدە سالاھىيىتى ئۇنىڭ مىللىي تەۋەلىك مەسىلىسىنى بىۋاسىتە تۈردە قاراخانىيلار خانلىقىنى كىمنىڭ قۇرغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭ بىر تارىخىي مەسىلىگە باغلاپ قويغانلىقتىن، مەزكۇر مەسىلە نوقۇل «دىۋان»شۇناسلىق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى.

ھالبۇكى، ئەڭ دەسلەپكى تارىخىي يازمىلارنىڭ كەم بولۇشى، بۇ ھەقتىكى تۈرلۈك قىياسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن يەنىلا يېتەرلىك بوشلۇق قالدۇرۇپ، ئوخشىمىغان قاراشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇپ كەلدى، بولۇپمۇ بۇنداق قاراشلاردا مەھمۇد كاشغەرىي تىلىدىكى «ئۇيغۇر» ئاتالمىسى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان «خاقانىيىلىكلەر» ياكى «خاقانىيە تۈركلىرى» نىڭ قارىمۇ قارشى قويۇلۇشى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۇيغۇردىن ياتلاشتۇرۇشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساسلاردىن بولۇپ قالدى. دەل شۇ ۋەجىدىن بىزدىمۇ بۇ نۇقتىدا داۋاملىق ئىزدىنىپ كۆرۈش ئىستىكى تۇغۇلدى. بىز تۆۋەندە «دىۋان»نىڭ 1 ـ جىلدىنى ئۆگىنىش جەريانىدا بۇ ھەقتە ھېس قىلغان بىر قىسىم تونۇشلىرىمىزنى «ئۇيغۇر» ئاتالمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

«دىۋان»نىڭ كىرىش سۆز قىسمى ۋە باشقا جايلىرىدا «ئۇيغۇر» ئاتالمىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ:

رۇمغا ھەممىدىن يېقىن جايلاشقان قەبىلە پەچەنەك، ئاندىن قالسا قىپچاق، ئوغۇز، يەمەك، باشقىرت، باسمىل، قاي، ياباقۇ، تاتار، قىرغىز قەبىلىلىرىدۇر. قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايغا ئورۇنلاشقان. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى رۇم ئۆلكىسى يېنىدىن شەرققە قاراپ شۇ تەرتىپتە سوزۇلغان. ئاندىن چىگىل، توخسى، ياغما، ئوغراق، چارۇق، چۇمۇل، ئۇيغۇر، تاڭغۇت، خىتاي قەبىلىلىرىدۇر. خىتاي چىن دېمەكتۇر. ئاندىن تابغاچ، بۇ ماچىن دېمەكتۇر. بۇ قەبىلىلەر جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ جىلد، 38 ـ بەت).

uyghurkitap.com



ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل شېۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابىنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپلىك تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ. كىتاب ۋە خەت ـ چەكلىرىنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ. مەن يۇقىرىدا شەھەر خەلقلىرى توغرىسىدا سۆزلىدىم («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 40 ـ بەت).

uyghur ئۇيغۇر. بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. زۇلقەرنەين بۇ شەھەرلەرنى تۈرك خاقانى بىلەن يۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن.

... زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە inan huzhurend «بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل ‹huzhur› دەپ ئاتىلىپتۇ ... («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 152 ـ بەت).

بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر: سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەين سالدۇرغان؛ قوچۇ، چانبالىق، بەشبالىق، ياڭىبالىق («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 153 ـ بەت).

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن سىرت، مەھمۇد كاشغەرىي بىر قىسىم سۆزلەملەرنى ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن يەنە تۆۋەندىكى جۈملىلەردە «ئۇيغۇر» ئاتالمىسىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەين شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھ تۈزگەن («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 123 ـ بەت).

üsmi tarim ئۈسمى تارىم. ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان دەريا. بۇ دەريا شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ بارىدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 175 ـ، 176 ـ بەتلەر).

otüken ئۆتۈكەن. تاتار (موڭغۇل) دالاسىدىكى بىر يەرنىڭ نامى. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 186 ـ بەت).

aramut ئارامۇت. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن جايلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 187 ـ بەت).

... بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپى چىنغا، غەرپ تەرىپى كەشمىرگە، شىمال تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا، جەنۇب تەرىپى ھىندى دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 461 ـ بەت).

bügür بۈگۈر. كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەر چېگرا («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 468 ـ بەت).

balik ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا شەھەر، قەلئە. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى ‹bex balik› دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ‹بەش شەھەر› دېگەنلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر شەھىرى ‹yangi balik› دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ‹يېڭى شەھەر› دېگەنلىك («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 492 ـ بەت).

qomak ئۇيغۇرلار ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ھەممە خەلق مۇسۇلمانلارنى ‹qomak eri› دەيدۇ. بۇ ‹مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەم› دېگەنلىك («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 495 ـ بەت).

tarim تارىم. ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى ــ kuqa ‹كۇچا› دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي. بۇ يەر ‹ üsmi tarim › مۇ دېيىلىدۇ. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 514 ـ بەت).

küsen كۇسەن. ‹كۇچا› دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى. بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار چېگرىسىغا جايلاشقان («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 526 ـ بەت)

peqkem urup atlaka — ئاتلارغا بەلگە تاقاپ،
uyghur daki tatlaka — ئۇيغۇردىكى تاتلارغا،
oghri yavuz itlaka — ئوغرى، ياۋۇز ئىتلارغا،
kuxlar kebi uqtimiz — خۇددى قۇشلاردەك ئۇچتۇق.

( «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 630 ـ بەت).

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، مەھمۇد كاشغەرىي قارىماققا «ئۇيغۇر» بىلەن ئۆزىنى ياكى ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان خاقانىيلىكلەرنى كەسكىن پەرقلەندۈرگەندەك قىلىدۇ. ئۇنداقتا، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىكىدىكى «خاقانىيە تۈركلىرى» راستتىنلا بىزنىڭ ئىستېمالىمىزدىكى بىر مىللەتكە تەۋە «ئۇيغۇر» بىلەن مۇناسىۋەتسىزمۇ؟ بىز ئۆگىنىش جەريانىدا مۇشۇ بايانلار تۈپەيلىدىن خېلىلا قايمۇققاندۇق. بىراق، چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مەسىلىنىڭ ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدۇق، شۇنداقلا دىۋاندا قەيت قىلىنغان يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسلىنىپ، مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇر بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىغۇچىلارنىڭ ئىنتايىن ئەجەللىك خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى بايقىدۇق. چۈنكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىستېمالىدىكى «ئۇيغۇر» ئاتالمىسى بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى «ئۇيغۇر» دىن پەرقلىنەتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي «ئۇيغۇر» ئاتالمىسىغا «بىر ئەلنىڭ ئىسمى» دەپ بىۋاسىتە ئىزاھات بېرىدۇ. ئۇ يەنە «ئەل» سۆزىنى ئىزاھلاپ «مەملىكەت» دەپ چۈشەندۈرىدۇ.① بىز يەنە ئۇنىڭ «üsmi tarim ئۇسمى تارىم. ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان دەريا. بۇ دەريا شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ بارىدۇ» (بۇ جايدا «ئىسلام ئېلى» ياكى قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن «ئۇيغۇر ئېلى»نى دىنىي نۇقتىدىن قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويىدۇ). «بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر: سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەين سالدۇرغان، قوچۇ، چانبالىق، بەشبالىق، ياڭىبالىق»، «qomak ئۇيغۇرلار ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ھەممە خەلق مۇسۇلمانلارنى ‹qomak eri› دەيدۇ. بۇ ‹مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەم› دېگەن بولىدۇ» قاتارلىق بايانلىرىدىن «ئۇيغۇر» بىلەن «ئۆز» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ كۆچلۈك دىنىي پەرق ياكى دىنىي ئاڭدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. بۇنىڭدىن سىرت، مەھمۇد كاشغەرىي ئىسلامغا ئېتىقاد قىلمىغان «ئۇيغۇر» قاتارلىقلارنىڭ تىلى توغرىسىدا توختىلىشنى «پايدا يوق»② دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى «ساپ تۈركچە» دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا «ئۆز ئارا سۆزلىشىدىغان بىر خىل شېۋىسىمۇ بار» دەپ كۆرسىتىدۇ. بىز بۇ بىر

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە، 1 ـ جىلد 67 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە، 1 ـ جىلد 37 ـ بەت.

uyghurkitap.com



جۈملە چۈشەندۈرۈشتىن نېمىنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن؟ بىزنىڭچە، مەھمۇد كاشغەرىي بۇ جايدا ئېيتقان «ساپ تىل» سۆزىنىڭ خاقانىيە تۈركلىرى بىلەن «ئۇيغۇر»لارغا ئورتاق بولغان ئەدەبىي تىلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سىڭغۇ سەلىنىڭ ئۆز تىلىنى «تۈرك ئۇيغۇر تىلى» ياكى بىۋاسىتە «تۈرك تىلى» دەپ ئاتىغىنىغا تولىمۇ ئوخشىشىدۇ. مۇبادا مۇنداق ئورتاق تىل بولمىسا مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتقان «بىر خىل شېۋە» نىڭ بولۇشى مەھمۇد كاشغەرىي ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس. بۇ نۇقتىدا ئىبراھىم مۇتىئىي باشلىق ئۇستاز تىلچىلىرىمىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە خاقانىيە تىلى ياكى «دىۋان» تىلىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق چىقارغان يەكۈنىمۇ بىزنىڭ بۇ قارىشىمىزنىڭ، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ دېگەندە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ①.

مەھمۇد كاشغەرىي «... زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە inan huzhurend ‹بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل ‹huzhur› دەپ ئاتىلىپتۇ. ...» دېگەن نەقىل ياكى رىۋايەتمۇ بىزنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىمىزنى قوزغايدۇ. چۈنكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىلىدىكى «تۈرك خاقانى» قاراخانىيلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا «ئۇيغۇر خاقانى» ئەمەس، بەلكى «تۈرك خاقانى» ئۇنىڭغا قارشى قوشۇن ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىمۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەزىرىدىكى «ئۇيغۇر» بىلەن «خاقانىيىلىكلەر» نىڭ ياكى قاراخانىيلار خان جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىپادىلىگەن «تۈرك» ئۇقۇمى تولىمۇ ھەرىكەتچان ئۇقۇم بولۇپ، كىشىنى ئاسانلا قايمۇقتۇرۇپ قويۇشى چوقۇم. لېكىن، بىز زەن قويۇپ كۆزەتكەن ۋاقتىمىزدا، شۇنداقلا «دىۋان» يېزىلغان مۇھىت ۋە تارىخىي دەۋرگە بىرلەشتۈرۈپ ئانالىز قىلغىنىمىزدا، ئېھتىمال بۇ مەسىلىنى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلالىشىمىز مۇمكىن. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈرك» ئۇقۇمىنى مۇنداق بىر قانچە قاتلامدىن ئىستېمال قىلىدۇ.

1. كەڭ مەنىدىكى «تۈرك» ئۇقۇمى. بۇ بارلىق تۈركىي تىللىق قوۋملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئۇقۇمنى ئۆز نەزىرىدىكى «دىۋان»نىڭ بولغۇسى ئوقۇرمەنلىرى ئەرەبلەرگە قارىتا ئىشلەتكەنلىكى چوقۇم. ئۇ مۇشۇ نۇقتىدىن ئوغۇز، قىپچاق، ئۇيغۇر ... قاتارلىق بارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى ساناپ ئۆتىدۇ.

2. تار مەنىدىكى «تۈرك» ئۇقۇمى. بۇ ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان خاقانىيىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى ئوغۇزلار بىلەن كەسكىن تۈردە پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىدۇ. «alma ئالما. ئوغۇزچە. تۈركلەر بۇنى ‹almila› دەيدۇ.② «ئوغۇزلار بىر ئىشنى قىلسا ‹etti› سۆزىنى ئىشلىتىدۇ. تۈركلەر ‹kildi› دەيدۇ. «ben مەن. ben bardim مەن باردىم. ئوغۇزچە. تۈركلەر «men» دەيدۇ.»③ ....

① «ئىبراھىم مۇتىئىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە، 375 ـ، 376 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە، 1 ـ جىلد 176 ـ بەت.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە، 1 ـ جىلد 441 ـ بەت.

مەھمۇد كاشغەرىي تىلىدىكى «تۈرك» بىلەن «ئوغۇز» نى كەسكىن پەرقلەندۈرۈش خاھىشى بىرتەرەپتىن ئۇلارنىڭ تىلىدىكى پەرق تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى چاغدىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدە ياشىغۇچى ئەرەبلەر ئەڭ بىۋاسىتە ئۇچرىشالايدىغان تۈركىي قوۋمىي ئوغۇز تۈركلىرى ياكى بىز ئاتاپ كۆنگەن سالجۇق تۈركلىرى بولغانلىقىدىندۇر. 11 ـ ئەسىردە سالجۇق تۈركلىرى زور بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. مۇشۇنداق سىياسىي مۇھىتتا يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇقەررەر يوسۇندا ئوغۇز تۈركلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ تىلىغا تېگىشلىك ئورۇن بېرىلىشى چوقۇم. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەزىرىدە ئۆز دەۋرىدىكى «ئۇيغۇر» بىلەن «خاقانىيىلىكلەر»نىڭ تىلى بىر تىل بولغاچقا ئۇنىڭغا ئارتۇقچە ئىزاھ بېرىلمىگەن. دەل شۇ ۋەجىدىن مەھمۇد كاشغەرىي «زامان ۋە ماكان ئىسىملىرى بىلەن مەستەرلەرمۇ شۇ قائىدىلەر بويىچە تۈزۈلىدۇ. خاقانىيە تۈركلىرى بىلەن باشقا تۈركلەر، ئوغۇز تۈركمەنلىرى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا ئەنە شۇ نۇقتىدا پەرق بار.»① دەپ كۆرسىتىپ، تىل جەھەتتىن پەرقلەندۈرىدۇ، ھەمدە ئوغۇزلارنىڭ تۈپ ئۇرۇقلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغان تامغىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئۆتۈپ «كىشىلەر بۇ قەبىلىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى بىلىشكە موھتاج بولغاچقا، مەن ئۇلارنى بىرمۇبىر يېزىپ چىقتىم» دەيدۇ.② بۇ جايدا «كىشىلەر» دەپ شۇبھىسىزكى، ئەرەبلەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتاتتى. بىز يەنە «دىۋان»نىڭ 1 ـ جىلدىنى ئۆگىنىش جەريانىدا «ئوغۇز» ئىبارىسىگە بېرىلگەن تەبىردىكى «زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلاردىندۇر.»③ دېگەن قۇرلارنى كۆرگەن چاغدا ئىنتايىن قايمۇققان ئىدۇق. بىراق، بىز ئەينى چاغدىكى «دىۋان» يېزىلغان باغدادنىڭ سىياسىي مۇھىتى ۋە «دىۋان»نىڭ كىم ئۈچۈن يېزىلغانلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر «زامانىمىز سۇلتانلىرى»نىڭ قاراخانىيلار خانلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئەينى دەۋردە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئويناۋاتقان سالجۇق تۈركلىرىدىن چىققان سۇلتان ياكى ھاكىمىيەت ئىگىلىرىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى قىياس قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق.

دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىلىدىكى «ئۇيغۇر» ئاتالمىسى بىلەن «ئوغۇز» ئاتالمىسىنى ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان «تۈرك» ياكى «خاقانىيە تۈركلىرى»دىن پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى، ئۆلچىمى ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ ئېرىشكەن ھاسىلاتىمىز شۇكى، مەھمۇد كاشغەرىي تىلىدىكى «ئۇيغۇر» ئاتالمىسىدىن، جۇغراپىيىلىك ۋە سىياسىي مەنىدىكى ئۇقۇم بولۇپ، مىللىي ئېتنىك ئۇقۇمى قاتارىدا ئىستېمال قىلىنمىغان، يەنى «ئۇيغۇر»نى ئۆزگە يات مىللەت ياكى قوۋم دەپ قارىمىغان، بەلكى يات دىندىكىلەر، بىر خانلىق نامى دەپ تونۇغان خالاس.

(ئاپتورلارنىڭ بىرى شىنجاڭ ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە كادىرلىرىنى تەربىيىلەش چوڭ ئەترىتىدە، يەنە بىرى مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە، 1 ـ جىلد 17 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە، 1 ـ جىلد 80 ـ بەت.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە، 1 ـ جىلد 77 ـ بەت.

# شەرق ئەدەبىي گۈللىنىش مەزگىلىدىكى گۇمانىزم ئەدەبىياتى ھەققىدە

ئالىمجان ھەسەن

شەرق ــ يۇتكۇل يەر شارىنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىتئەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن بۇ ماقالەمدە پەقەت مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن، شۇ چاغدىكى دۇنيا مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىش مەزگىلىدىكى گۇمانىزم[①] ئەدەبىياتىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدىكى گۇمانىزملىق ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بولغان تۈرتكىسى قاتارلىقلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

مىلادىيە 17 ـ ئەسىرگىچە بولغان دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەدەبىياتتا ئۈچ قېتىم كۆتۈرۈلۈش بولدى. بىرىنچى قېتىمقىسى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8 ـ ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرگىچە داۋاملاشقان گرېتسىيە ئەدەبىي گۈللىنىشى، ئىككىنچىسى قېتىمقىسى، مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە داۋاملاشقان ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي گۈللىنىشى، ئۈچىنچى قېتىمقىسى، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقان ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىشىدۇر. بۇ ئۈچ قېتىملىق ئەدەبىي گۈللىنىش بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن، بىر ـ بىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۈچ قېتىملىق ئەدەبىي گۈللىنىش گەرچە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئۈچىلىسىدە ئىنسانچىلىق ئاساسلىق ئىپادىلەنگەن. مەيلى شەرق ئەدەبىي گۈللىنىشى بولسۇن ياكى غەرب ئەدەبىي گۈللىنىشى بولسۇن ھەر ئىككىلىسى ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىئان دىنىي جەمئىيەتلىرى تەرىپىدىن «بىدئەتچىلىك تەرغىب قىلىنغان» دەپ چەتكە قېقىلىپ ۋەيران قىلىنغان قەدىمكى گرېتسىيە ئىنسانچىلىق ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئالغان.

قەدىمكى گرېتسىيە ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلىپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىرگە كەلگەندە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، «ئالتۇن دەۋر»گە كىرىپ كەلگەن ۋە «كلاسسىك دەۋر» دەپ نام ئالغان، كۆپلىگەن

---

① گۇمانىزم ــ لاتىنچە «humanus ــ ئىنسانىي» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئادەملەرگە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن قاراش، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىش، ئىنساننىڭ ماددىي پاراۋانلىقىنى يۇكسەلدۈرۈش، كىشىلەردە يۇكسەك مەنىۋى پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتىلىش دېگەن مەنىدە. بۇ ئاتالغۇ تار مەنىدە بولسا، ياۋروپادا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى (13 ــ 16 ـ ئەسىرلەر)دە مۇستەبىتلىككە، خوراپاتلىققا ۋە چېركاۋنىڭ مەنىۋى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان دۇنياۋى ھۆر پىكىر ئېقىمى. ــ مۇھەررىردىن.

ئەدەبىي شەكىللەر، مەسىلەن، ئەپسانە، رىۋايەت، لىرىك شېئىر، ئېپىك شېئىر، ئېپوس، تراگېدىيە، كومېدىيە، نەسىر، مەسەل قاتارلىقلار بارلىققا كەلگەن، كۆپلىگەن يازغۇچى، شائىرلار بۇ شەكىللەردە نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. پىلاتون، ئارىستوتېل قاتارلىق بۈيۈك ئەربابلار ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ھەققىدە كىتابلار يېزىپ، گرېتسىيە ئەدەبىياتىنى نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن. قەدىمكى گرېتسىيە ئەدەبىياتى ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئەدەبىيات بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭدا ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ــ ئىنسانچىلىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، قەدىمكى گرېتسىيە ئەپسانىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان خۇدالار ئىنسانلاشتۇرۇلغان خۇدالار بولۇپ، ئىنسانلارغا ئوخشاش شەكىلگە، خاراكتېرگە ئىگە. قەدىمكى گرېتسىيە ئەدەبىياتىدا ئىنسانچىلىق ھېسسىيات ئىپادىلىنىپلا قالماي، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، باتۇرلۇقىغا مەدھىيە ئوقۇلغان.

قەدىمكى گرېتسىيە ئەدەبىياتىدا، مەيلى ئەپسانە، ئېپوسلاردا بولسۇن، ياكى دراما، مەسەللەردە بولسۇن ھەممىسىدە دېگۈدەك ئىنسان روھى، ئىنسان خاراكتېرى، ئىنساننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى مەدھىيىلەنگەن، ئىنسان روھى مەركەز قىلىنغان. ئوتتۇرا ئەسىر خىرىستىئان دىنى دەۋرىگە كەلگەندە يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن گرېتسىيە ئەدەبىياتى «بىدئەتچىلىك تەرغىب قىلىنغان» دەپ قارىلىپ ۋەيران قىلىنغان، چەكلەنگەن. شەرق ئەدەبىي گۈللىنىش ۋە غەرب ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىگە كەلگەندە گرېتسىيە ئەدەبىياتىدىكى ئىنسانچىلىق روھى قايتا ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ئەدەبىيات ئىنسان روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىزىغا قايتىپ كەلگەن.

ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى خېلى بۇرۇنلا قەدىمكى گرېك ۋە رىم مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 332 ـ يىلى ئالېكساندىر ماكېدونسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) ماكدون ۋە گرېك بىرلەشمە ئارمىيىسىنى باشلاپ، دۇنيا تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىنى باشلىغان. بۇ جەرياندا ئۇ مىسىر، ئوتتۇرا شەرق، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان جايىنى ئۆز كونتروللۇقى ئاستىغا ئالغان. ئالېكساندىر ماكدونىسكىنىڭ شەرققە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى گەرچە شەرق خەلقىگە كۆپلىگەن تالاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇرۇش تۈپەيلى شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۇچراشقان، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن گرېتسىيە مەدەنىيىتى ــ پىلاتون، ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرى، ھومېرنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا» داستانلىرى، ئىسخىل، سوفوكىل، ئەۋرىپىد ۋە ئارىستوپاتلارنىڭ دراما ئەسەرلىرى، ئىزوپ مەسەللىرى ۋە باشقا ئەسەرلەر شەرققە يۈرۈش قىلغان ماكدون، گرېك قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە بۇ رايونلارغا كىرگەن. ئالىكساندىر ماكدونىسكى بېسىۋالغانلىكى رايونلاردا شەھەرلەرنى، شەھەرلەردە كاتتا تىياتىرخانىلارنى سالدۇرۇپ، گرېك درامىلىرىنى سەھنىگە ئاچىقىپ، گرېك مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ بېسىۋالغان رايونلاردىكى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ۋە غەرب ـ شەرق مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش غەرىزىدە گرېكلەشتۈرۈشنى يولغا قويغان، يەنى بۇ رايونلاردا ماكدون، گرېكلار بىلەن شەرقلىقلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ نامىدا مىسىردا سالدۇرغان ئالېكساندىرىيە شەھىرى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بۇ شەھەر شەرق ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ سودا مەركىزى بولۇپلا قالماي، شەرق ۋە غەربتىكى ئالىملارنىڭ، پەيلاسوپ، شائىرلارنىڭ تەلپۈنىدىغان مەدەنىيەت

مەركىزى بولۇپ قالغان. ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسى گەرچە ئۆزۈنىغا قالماي نۇرغۇن گرېكلەشكەن دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما گرېك مەدەنىيىتى بۇ زېمىنلاردا داۋاملىشىپ، تەرەققىي قىلىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچقان. گرېكلەشكەن شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر گرېك مەدەنىيىتىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن ئىلغار مەدەنىيەت ئاساسىدا، ئۆز مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇرگەن.

ۋىزانتىيە شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۇچراشقان مۇھىم ماكان. 7 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ۋىزانتىيە ئاساسلىقى گرېك ئىمپېرىيىسى بىلەن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى جاي ئىدى. مىلادىيە 330 ـ يىلى رىم پادشاھى كونستانتىن بۇ شەھەرنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قىلىپ، شەھەر نامىنى «كونستانتىنوپول»غا ئۆزگەرتكەن. 476 ـ يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندا، كونستانتىنوپولدا زور مىقداردىكى گرېك، رىم مىراسلىرى ساقلىنىپ قالغانىدى. 7 ـ ئەسىردىن كېيىن بۇ جاي ئالدى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ، كېيىنرەك مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن. 1071 ـ يىلى سالجۇق تۈركلىرى كونستانتىنوپولنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركلەر بۇ زېمىندا مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلاشقان. 15 ـ ئەسىردىن كېيىن بۇ زېمىن ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىشتىكى مۇھىم بازىسىغا ئايلانغان. ۋىزانتىيە مەدەنىيىتى تەركىبىدە كلاسسىك دەۋر بىلەن گرېكلەشكەن دەۋر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، 4 ـ ئەسىردە دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەنگەن خرىستىئان دىنى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ۋىزانتىيە بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىقتا ئىگە بولغان شەرق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى قاتارلىقلار بار.

«يىپەك يولى» شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانىدى. ئۇ ئاسىيانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان سودا يولى بولۇپ، جۇڭگو، ھىندىستان، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزى رايونلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىندىستان، ئىران، شۇنداقلا ئوتتۇرا يەر دېڭىز مەدەنىيىتى مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۆزئارا ئۇچراشتى.

شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىشى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن فېئودال ئەرەب ئىمپېرىيىسى دەۋرى (750 ـــ 1258)دە ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. 750 ـ يىلى قۇرۇلغان ئابباسىيلار سۇلالىسى قەدىمكى گرېتسىيە، رىمنىڭ پەلسەپە، ئاسترونومىيە، تېبابەت، ماتېماتىكا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەرەبلەرگە، جۈملىدىن ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئىچىدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشنىڭ يولىنى ئاچتى. خەلىپىنىڭ تەشەببۇسى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن «100 يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتى» (750 ـــ 850) بارلىققا كەلدى، باغداتتا «ئاقىللار سارىيى» قۇرۇلدى. بۇ ساراي ئۇنىۋېرسال ئىلىم ـ پەن مۇئەسسەسەسى بولۇپ، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم، تىلماچلار بۇ يەردە پىلاتون، ئارىستوتىل، ئېۋكلىد، تىرومى قاتارلىق گرېك ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدى ھەم ئىسپاتلاش، ئىزاھلاش ۋە تولۇقلاش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئەرەب ئالىملىرى تەرجىمە قىلىش، كلاسسىك مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، زور كۆلەملىك تەتقىقات خىزمىتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ئەرەب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ تەرجىمە ۋە تەتقىقات ئەسەرلىرى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ياۋروپاغا كىردى. بەزىلىرى ھەتتا ياۋروپادىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئوقۇشلۇق

كىتابىغا ئايلاندى. مەسىلەن، جۇغراپىيە ئالىمى ئىدرىسىينىڭ «دۇنيا جۇغراپىيەشۇناسلىقى»، ماتېماتىكا ئالىمى خارەزمىينىڭ «ئالگېبرا»، مېدىتسىنا ئالىمى ئىبنى سىنانىڭ «تېبابەت قانۇنى» قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا داڭلىق خىمىيە ئالىمى جاپپار، ئىبنى ھەييەننىڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلىرى ياۋروپا ئالگېبراسىغا نەچچە يۈز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئەرەبلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىجاد قىلغان ئاسترونومىيە كۆزىتىش ئەسۋابلىرى 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ياۋروپا ئاسترونوملىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىلدى. ئەرەب تىلىدا خاتىرىلەنگەن يۇلتۇزلار نامى بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوللىنىلماقتا. ماتېماتىكا ساھەسىدە ئەرەبلەر ھىندىستاننىڭ 10 خانىلىق رەقىمىنى تارقىتىپ، خاتىرىلەش ۋە ھېسابلاشقا غايەت قۇلايلىق يارىتىپ، ماتېماتىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. پەلسەپە ساھەسىدە ئاتاقلىق ئالىم كىندىي، فارابىيلار قەدىمكى غەربنىڭ مول مەدەنىيەت مىراسى ــ گرېك پەلسەپىسىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلامىيەتشۇناسلىق قاراشلىرى بىلەن ئۆزئارا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى. ئەرەبلەرنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى يەنە بىر تۆھپىسى شەرقنىڭ قەغەز ياساش، مەتبەئە تېخنىكىسى، كومپاس ۋە مىلتىق دورىسىنى ياۋروپاغا كىرگۈزگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە، تارقىلىشىغا تۈرتكە بولدى. كومپاس يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىش، يېڭى قۇرۇقلۇقنى تېپىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى؛ مىلتىق دورىسى غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا، ئامېرىكا قىتئەسىنى بويسۇندۇرۇپ، بايلىق توپلىشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق شارائىت ھازىرلىدى. بۇ جەرياندا ياۋروپالىقلارغا ئەڭ پايدىلىق بولغان تەرەپ كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىشى ۋە گرېك مەدەنىيىتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى بولۇپ، بۇلار ئىسپانىيە ۋە سىتسىلىيە ئارىلى ئارقىلىق ياۋروپاغا قايتىپ باردى ـ دە، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا، شۇنداقلا ئەدەبىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

7 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن تارتىپ ئەرەبلەر سىرتقا كېڭىيىپ شەرقتىكى سۈرىيە، مىسىر، ئىراق (بابىل)، پارس، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى ھەم ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى. ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئىشغال قىلغان رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ياراتقان مەدەنىيىتىدە ئەرەب تىلى قوللىنىلغاچقا شۇنداقلا بۇ مەدەنىيەت ئىسلام ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغاچقا «ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە كۆتۈرۈلۈشىگە زور تۆھپە قوشقانلارنىڭ تولىسى غەيرىي ئەرەب قان سىستېمىسىدىكى ئالىملاردۇر. مەسىلەن، فارابىي، ئىبنى سىنا، خارەزمىي، ئۆمەر ھەييام قاتارلىقلار ئۆزى ئەرەب مىللىتىدىن بولمىسىمۇ، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان كاتتا ئالىملاردۇر.

ئەرەب مەدەنىيىتى دۇنيا تارىخىدا ئىنتايىن زور تەسىر قوزغىغان، بولۇپمۇ 9 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە ئەرەب مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن، دۇنياغا داڭلىق تەبىئىي پەن ئالىملىرى، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى، ئەدىب، شائىرلار، شۇنداقلا «مىڭ بىر كېچە»، «شاھنامە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق»، «روبائىيات»، «گۈلىستان»، «بوستان»، «خەمسە» قاتارلىق گۆھەر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. ئەرەب مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ياۋروپاغا

تارقالغاندىن كېيىن، ياۋروپا يېقىنقى زامان ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان.

خرىستىئان مەدەنىيىتى گرېك مەدەنىيىتى بىلەن ئىبرانىيلار مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن گرېك كلاسسىك مەدەنىيىتى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، گرېك مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن ھېچقانچە نەرسە قالمىغانىدى. 1453 - يىلى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى تۈركلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز بولدى. گرېك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان كۆپلىگەن ئالىملار قولىيازمىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كونىستانتىنوپولغا يېقىن بولغان ئىتالىيەگە قېچىپ بېرىپ، گرېك مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. قۇتقۇزۇۋېلىنغان قولىيازمىلار، رىم خارابىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان كلاسسىك ھەيكەلتاراشلىق ئەسەرلىرى غەربلىكلەرنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى بىر دۇنيا — گرېك، رىم قەدىمكى دەۋرىنى نامايان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى گرېك، رىم مەدەنىيىتى غەربتە قايتىدىن ئېتىبارغا ئېلىنىدى. 14 - ئەسىردە ئالدى بىلەن ئىتالىيە، ئارقىدىن فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گرېتسىيە، رىم مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار «قەدىمكى گرېتسىيىگە قايتايلى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزلىرى مەزگىلگىچە كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمكى مەدەنىيەتنى تىرىلدۈردى. «ئەدەبىي گۈللىنىش» دېگەن ئاتالغۇ مانا مۇشۇنداق كېلىپ چىقتى.

«ئەدەبىي گۈللىنىش» دەۋرىدىكى گۇمانىزم ئېقىمى «ئادەم مەركەز» دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، ئادەمنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئادەمنى مەدھىيىلەپ، كىشىلەرنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىنى تەشەببۇس قىلدى؛ كىشىلەرنى بەختكە، بەختلىك تۇرمۇشقا، بايلىققا، بايلىقتىن بەھرىمەن بولۇشقا ئۈندىدى؛ ئەقىل - ئىدراكنى، ئىلىم - پەننى، مائارىپنى ئۇلۇغلاپ، سىرلىقلاشتۇرۇش، نادانلاشتۇرۇشقا ۋە تەركىدۇنياچىلىققا قارشى تۇردى؛ فېئودال بۆلۈنمىچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ھوقۇقنىڭ مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلۈشىنى تەشەببۇس قىلدى. مانا بۇلار 9 - ئەسىردىن كېيىن ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا 14 - ئەسىردىن كېيىن ياۋروپادا شەكىللەنگەن گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» (1069 - 1070) ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى گۇمانىزم ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ئەسەردۇر. ئاپتور 13295 مىسرالىق بۇ زور ھەجىملىك پەلسەپىۋى داستانىدا ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولغان كۈنتۇغدى، بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئايتولدى، ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئۆگدۈلمىش، قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىش قاتارلىق تۆت پېرسوناژنىڭ سۆھبەت ۋە دىئالوگلىرى ئارقىلىق دۆلەت ۋە قانۇن قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئاساسىدا ئۆزىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت قارىشىنى مەركەزلىك مۇھاكىمە قىلدى. گۇمانىزملىق ئىدىيىنى يېتەكچى قىلىپ، ئادەم دۆلەتنىڭ ئاساسى، دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى ئادەملەر ئۈچۈن بەخت كەلتۈرۈشتۇر، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھالقىسى دۆلەتنى تۈزەش، دۆلەتنى تۈزەشنىڭ ھالقىسى ياخشى بىر پادىشاھنى ھاكىمىيەت بېشىغا قويۇش دەپ قارىدى ھەم پادىشاھلارغا بىر يۈرۈش تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «پادىشاھ بولغان كىشى ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇپلا قالماي، بىلىملىك بولۇشى، كەڭ قورساق بولۇپلا قالماي، جاسارەتلىك، سالاپەتلىك بولۇشى كېرەك» دېگەن قاراشنى تەكىتلىدى. ئەسەردىكى «بۆرە بىلەن

قوزىچاق بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچەلەيدىغان» ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش، دۆلەتنى ئادىل قانۇن ئاساسىدا باشقۇرۇش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش، ئومۇمىي خەلق مائارىپىنى يولغا قويۇش، پەرزەنتلەرنى بىلىملىك، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، بىلىملىكلەرگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىش، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ئۆز كەسپىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ھالال ياشاش، بايلىققا ئىنتىلىش، بايلىقتىن بەھرە ئېلىش، رېئال دۇنيا گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىش، رىياكار سوپى - زاھىتلارغا ئېتىراز بىلدۈرۈش، تەركىدۇنياچىلىققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار گۇمانىزملىق قاراشلار ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭگەن. ئەسەردە ئىپادىلەنگەن مۇشۇ مەزمۇنلارغا ئاساسەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى شەرق ئەدەبىي گۈللىنىش مەزگىلىدىكى گۇمانىزملىق ئەدەبىياتنىڭ باشلامچىسى، «قۇتادغۇ بىلىك»نى گۇمانىزملىق ئەدەبىياتقا ئاساس سالغان تۇنجى ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ يېزىلغاندا (1069 ~ 1070) ياۋروپانىڭ چوڭ تىپتىكى ئېپوسلىرىدىن — فرانسۇزلارنىڭ «روللان ناخشىسى» (1080)، نېمىسلارنىڭ «شىر ناخشىسى» (1140)، ئىنگلىزلارنىڭ «نىبولگېن ناخشىسى» (12 - 13 - ئەسىرلەر)، رۇسلارنىڭ «ئىگورنىڭ يىراققا سەپەر خاتىرىسى» (1158 ~ 1187) قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى تېخى مەيدانغا كەلمىگەنىدى. ھەتتا ياۋروپا گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىسى دەپ قارالغان دانتىنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى»مۇ ئۇنىڭدىن ئۈچ ئەسىر كېيىن مەيدانغا چىققان. «بىلىم كۈچ» دېگەن شوئارنى 16 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك مۇتەپەككۇر بېكون ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە بېكوندىن 500 يىل بۇرۇن: «ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم ئارقىلىق ھەممىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، بىلىملىكلەر ۋە ئەقىل - پاراسەتلىكلەر مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ ۋە ھەر يەردە ئۇلۇغ سانىلىدۇ، كىم بىلىملىك بولسا شۇ بۈيۈك سانىلىدۇ، بىلىم ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئاچقىلى بولىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن دەۋرداش بولغان پارس شائىرى ئۆمەر ھەييام (1048 ~ 1131) كۆپلىگەن رۇبائىيلارنى يېزىپ خۇراپاتلىقنى دادىللىق بىلەن ئىنكار قىلىپ، رېئال دۇنيا گۈزەللىكىنى، ئىنسان ھۆرلۈكىنى تەشەببۇس قىلدى.

ئۆمەر ھەييام «ئىنسان مەركەز»لىكىدىن ئىبارەت گۇمانىزملىق كۆزقاراشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

دۇنيانىڭ تىلىكى ۋە مېۋىسىدۇرمىز،
ئەقىل كۆزىنىڭ قارىسى ۋە جەۋھىرىدۇرمىز.
يۇملاق جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك،
شۇ ئۈزۈك كۆزىنىڭ گەۋھىرىدۇرمىز.

ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش مەزگىلىدىكى گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى 14 - ئەسىردە «ئادەم مەركەز» دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۆمەر ھەييام يۇقىرىقى رۇبائىيدا «ئالەم يۇملاق»، «ئادەم ئاشۇ يۇملاق جاھاننىڭ مەركىزى» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۆمەر ھەييامنىڭ ئالەمنى يۇملاق دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. ئۇ

ئاتاقلىق شائىر بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە داڭلىق ماتېماتىك، ئاسترونومىيە ئالىمى، ئۇ بۇ ھەقتە ئون پارچە كىتاب يازغان، ھەم يەتتە نەپەردەك مۇنەججىم بىلەن بىرگە باغداتتا رەسەتخانا قۇرۇپ، كۆزىتىش ئېلىپ بارغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئۆمەر ھەييامدىن باشقا يەنە پارس شائىرى سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان»، ئۇيغۇر شائىرى ئەھمەد يۈكنەكىينىڭ «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەردە ۋە لۇتفىي، سەككاكىي غەزەللىرىدە رىياكار سوفى ـ ئىشانلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى ئېچىپ تاشلىنىپ، رېئال دۇنيا گۈزەللىكىنى، بەختنى قوغلىشىشتەك ئىنسانىي ئارزۇ ـ ئىستەكلەر مەدھىيىلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي (1441 ~ 1501) ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش داستانلىرى، لىرىكىلىرى ئارقىلىق شەرق ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى گۇمانىزم ئەدەبىياتىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن.

غەربتە ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدىكى گۇمانىزملىق ئەدەبىيات 14 ـ ئەسىردە ئىتالىيىدە باشلاندى. دانتى، پېتراركا، بوكاچچيو گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىلىرىدۇر. دانتىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «يېڭى ھايات»، «ئىلاھ كومېدىيىسى» قاتارلىقلار بار. «يېڭى ھايات»تا دىنىي جەمئىيەتكە، تەركىدۇنياچىلىققا قارشى تۇرۇپ، چىن سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە مەدھىيە ئوقۇدى. پېتراركا گۇمانىزمنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، «گۇمانىزمنىڭ ئاتىسى» دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇ كلاسسىك مەدەنىيەتنى قايتا گۈللەندۈرۈشنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئىنسانشۇناسلىق» ئارقىلىق «ئىلاھىيەتشۇناسلىق»قا قارشى تۇردى. بوكاچچيو ئىتالىيە مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى، ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «ئون كۈنلۈك سۆھبەت»تە دىنىي جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقى، روھانىيلارنىڭ ساختىپەزلىكى ئېچىپ تاشلىنىپ، ئىنسان باراۋەرلىكى، ئىنسان ئەركىنلىكى مەدھىيىلەنگەن. رابىلى فرانسىيە گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى. ئۇنىڭ «گىگانتلار قىسسىسى» رېئاللىق بىلەن خىيالىيلىق بىرلەشتۈرۈلگەن رېئالىزملىق ئەسەر بولۇپ، ياۋروپا ئەدەبىيات تارىخى ۋە مائارىپ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. سىرۋانتىس ئىسپانىيە گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى. ئۇنىڭ ھەجۋى رومانى «دونكىخوت» ياۋروپا رومان ئىجادىيىتىگە ئاساس سالغان ئەسەر. شېكىسپىر ئەنگلىيىلىك مەشھۇر دراماتورگ ۋە شائىر بولۇپ، بىرقاتار دراما ئىجادىيىتى ئارقىلىق ياۋروپا گۇمانىزم ئەدەبىياتىنى ئەڭ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرگەن.

خۇلاسىلىغاندا، قەدىمكى گرېتسىيە، رىم گۇمانىستىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىدا ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرى گۇمانىزملىق ئەدەبىياتى بارلىققا كەلگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدىكى گۇمانىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاندىن 14 ـ ئەسىردە غەربتە ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرى گۇمانىزملىق ئەدەبىياتى ۋۇجۇدقا چىققان.

(ئاپتور خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)



# هېكايەتى داراب شاھ ئىرانىي، سەلمان شاھ ۋە قەمەرچېھرە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ**

ئىبنى سەرەندىب شاھنىڭ ھېكايە قىلىشىچە: ئىران مەملىكىتىنىڭ بىر پادشاھى بار ئىدى. ھۆكۈمرانلىقى ئالەمگە مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ زامانىسىدا بۆرىلەر قوي باقاتتى، كەپتەرلەر لاچىنلار بىلەن بىر ئۇۋىدا ياشايتتى، ئۇنىڭ ئېتى داراب شاھ سانىي ئىدى.

ھەزرىتى ئاللاتائالا پەزلى كەرىمىدىن داراب شاھ سانىيغا بىر پەرزەنت ئاتا قىلغانىدى. ئۇنىڭغا شاھزادە سەلمان دەپ ئات قويىدى.

شاھ داراب ئەمىر ـ نۆكەرلىرىگە:

— ھەرقانداق ئۆيدە شاھزادە سەلمان بىلەن بىر كۈندە دۇنياغا كەلگەن پەرزەنت بولسا ئېلىپ كېلىڭلار، بىر يەردە بىللە پەرۋىش قىلىنسۇن. شۇ ئارقىلىق ئۇلار ئىچىكىشىپ ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقاي ! — دەپ پەرمان قىلدى. ئەمىر ـ نۆكەرلەر دەرھال ئاتلىنىپ، ھەر تەرەپنى ئىزدەپ تۆت ئوغۇلنى تېپىپ ئېلىپ كەلدى. ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلىپ، بىر يەردە پەرۋىش قىلدى. بۇ بەش ئوغۇل ھەممىسى تەڭ ئوينايتتى. شاھ داراب: «بۇ بەشى مېنىڭ پەرزەنتىم» دەپ باراۋەر كۆرەتتى.

باللار يەتتە ياشقا كىردى. ھەممىسىنى ئىلىم ئۇستازلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئوخشاش خەت ساۋاتىنى چىقاردى. شاھ داراب خۇرسەن بولۇپ بىرىنى مۇدەررىسكە، يەنە بىرىنى نەققاشقا شاگىرت قىلىپ بەردى؛ يەنە بىرىنى رەسسام ئۇستىغا شاگىرت قىلىپ بەردى؛ يەنە بىرىنى لەخمە كولىغۇچى ماھىر ئۇستىغا تاپشۇردى. شاھزادە سەلماننى بولسا، لەشكىرىي ئىشلار مەشقاۋۇلىغا شاگىرت قىلىپ بەردى. ئاز پۇرسەتتە ھەممىسى ئۆز ھۈنەرلىرىدە ماھىر بولدى. داراب شاھ بۇلارنى شاھزادە سەلماندىن ھەرگىز كەم كۆرمەيتتى. ھەربىرىگە ئالاھىدە باغۇ بوستانلار، ئالتۇن ـ كۈمۈش، قىممەت باھا تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن قەسىر سالدۇرۇپ بەردى. بۇ بەش ئوغۇل خاھى شىكاردا بولسۇن، خاھى بەزمىدە بولسۇن بىر ـ بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى.

بۇلار ئون تۆت ياشقا يەتكەنىدى. بىر كۈنى بىر سودىگەر ھىندىستاندىن كېلىپ، شاھ دارابقا شۇنداق چىرايلىق بىر تۇننى سوۋغا قىلدى. شاھ

توننى ئېچىپ كۆردى. مۇنداق چىرايلىق توندىن بۇ ئالەمدە يەنە بىرى مەۋجۇت ئەمەس دېسە، ئارتۇق كەتمەس. خۇسۇسەن، بۇ توننىڭ ئىچىگە ئاجايىپ بىر سۈرەت نەقىشلەنگەنكى، ھەرقانداق ئادەم كۆرسە، ئۇ ياش ياكى قېرى بولسۇن بۇ سۈرەتكە شەيدا بولماي قالمايتتى.

شاھ ھەيرانۇھەس بولۇپ سورىدى:

— بۇ توننى نەدىن ئالدىڭ، نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەكەلدىڭ؟

سودىگەر جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— ئەي ئۇلۇغ شاھ، ئىقبال ـ دۆلىتىڭ زىيادە بولغاي! مەن كەمىنە سودىگەرلىك قىلىپ سەرەندىب ۋىلايىتىگە بارغانىدىم، سارايغا ئورۇنلىشىپ، ئېلىپ بارغان ماللارنى سېتىپ بولۇپ بازارغا چىققانىدىم، بىر تەرەپكە كۆزۈم چۈشتى. ئادەملەر چۆرىدەپ تۇرۇپتۇ. مەنمۇ قىزىقىپ، ئۇ ئادەملەر ئارىسىغا باردىم. كۆردۈمكى، بىر كەمپىرنىڭ قولىدا بىر بوغچا تۇرۇپتۇ. ئۇ: «كىمكى ئۆزىنىڭ تەقدىر ـ ئىقبالىنى سىناپ كۆرمەكچى بولسا، قولۇمدىكى بۇ ماتانى سېتىۋالغاي. باھاسى مىڭ تەڭگىدۇر. بۇ بوغچىنى مەن كەتكەندىن كېيىن ئېچىپ كۆرگەي! تەلىيى بولسا، ئىچىدىن بىر نېمە چىقىدۇ، ئەگەر كاج تەلەي بولسا، مىڭ تەڭگىسى بەرباد بولغۇسىدۇر!» دەپ ۋارقىراۋاتقانىكەن. مەن تەئەججۇپ ئىلكىدە: «نېمە بولسا بولسۇن، كۆيسە شۇ مىڭ تەڭگەم كۆيۈپ كېتەر» دەپ بۇ بوغچىنى سېتىۋالدىم. كەمپىر مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ يولىغا راۋان بولدى. مەن سارايغا قايتىپ ھۇجرامغا كىرگەندىن كېيىن، بوغچىنى ئېچىپ قارىسام، زەرباب تون ئىكەن. ئەرزان ئاپتىمەن دەپ كۆڭلۈمدە خۇش بولدۇم. بىر ئازدىن كېيىن ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ توننىڭ ئىچىگە نەقىشلەنگەن ئۇشبۇ سۈرەتكە كۆزۈم چۈشتى. شۇئان يۈز جېنىم بىلەن بۇ سۈرەتنىڭ شەيداسى بولدۇم. توغرىراقى، پۇل خەجلەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم بىر ئارتۇقچە ئەلەم ۋە سىتەمنى سېتىۋالدىم. ئەھۋالىم كۈندىن كۈنگە خارابلاشتى. ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «بۇ قانداق جادۇ ۋە قانداق سېھىردۇر، بۇنداق سۈرەتنى نەقىشلىگەن قايسى باغرى تاشتۇر؟! ئۇنىڭ قاپقارا ھەربىر تال چېچى نەچچە يۈز ئىشق ئەھلىنى ئۆزىگە بەنت ئەيلەپ، تۇتقۇنلۇق دارىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرغۇدەك» دەيتتىم. پېقىر ئۇشبۇ سۈرەتنى كۆرگەندىن بېرى، بۇ جادۇگەرنىڭ ئەسلىنى كىمدىن سوراشنى بىلمىدىم. بەلكى يۈرىكىم ئۇنىڭ ئىشقىدا، ئىشق گۈلخېنىدا كۆيۈپ، كۈندىن ـ كۈنگە كاۋاپ بولۇشقا باشلىدى. شۇ ھالەتتە دوست ـ بۇرادەرلىرىمنىڭ سودا ئىشلىرى يەنە تەييار بولۇپ قالغانىدى. كارۋانلار يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. مەنمۇ نائىلاج يۈكلەرنى قاچىلاپ يولغا چىقتىم. ئەمما، ھەر كۈنى ئۇ كۆڭۈل ئوغرىسىنى ئىزدەيتتىم. بىراق، ھېچبىر ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم. ئاخىر مەن ھەر دائىم چۈشكۈن قىلىدىغان سارايىنىڭ خوجايىنىغا ئەھۋال ئېيتىپ، تون بىلەن ئىچىدىكى سۈرەتنى كۆرسەتتىم. ئاندىن بۇ سۈرەتنىڭ ئەسلىنى سورىدىم. سارايۋەن مويسىپىت كىشى ئىدى. مەن ھەر قېتىم بۇ جايغا كەلگىنىمدە، ئۇ كىشىگە كۆپتىن ـ كۆپ مېھرىبانلىقلار كۆرسەتتىم. ئۇ كىشى: «ئەي بۇرادەر، بۇ ئىشنى مەخپىي تۇت. بۇ سىر يېپىق پېتىچە قالسۇن. ئەگەر باشقىلار بىلىپ قالسا، ئۆلۈم خەۋىرىنى كۈتمەكتىن باشقا ئىلاج يوق، — دەپ مېنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. مەن يەنە بىر چاڭگال ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ، بۇ ۋەقەنى كوچىلاپ سورىدىم. ئۇ مويسىپىت نائىلاج بولۇپ: «بۇ سەرەندىب پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىنىڭ ئويۇنىدۇر. شاھ سەرەندىبنىڭ بىر مەلىكىسى باردۇر. ئۇنىڭ ئېتى مەلىكە قەمەرچېھرەدۇر. ئۇنىڭ قولى گۈل. ھەرقانداق ھۈنەر ـ كەشتىچىلىكتە بۇ ئىقلىمدا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوقتۇر. مەلىكە بۇ ئالەمنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىدىن تەجرىبە ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە ھەر ئالتە ئايدا بىر

تونىنى ئۆز قولى بىلەن تەييار قىلىپ، ئىنىكئانىسىدىن چىقىرىپ ساتىدۇ. بۇ تونىنى سېتىۋالغان نۇرغۇن شاھزادە ۋە ھېسابسىز دانا، ساھىبقىرانلار ئۇنىڭ ئارزۇسىدا سۆيگۈ تەشنالىقىغا ئەسىر بولۇشقاندۇر. ئۇل مەلىكە ھېكمەت ئىلمىدە يېتىشكەن. ناھايىتى دانادۇر» دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى. شۇ تاپتا كارۋانلار يۇرۇشكە ھازىرلىنىۋاتىدۇ. مەنمۇ نائىلاج يولغا چىقماق بولۇپ، بۇ تونىنى شاھزادىگە ھەدىيە قىلىش مەقسىتىدە ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كەلدىم، ـــ دېدى. شاھ سودىگەردىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى ھەدىيە ـ سوۋغاتلار بىلەن تارتۇقلىدى. ئاندىن مەزكۇر تونىنى خەزىنىگە تاپشۇردى.

شاھزادە سەلمانىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى بۇ يەردە ھازىر ئىدى. ئۇ بېرىپ شاھزادىگە:

ـــ بىر سودىگەر كىشى سىزگە ھەدىيە قىلماق بولۇپ ئاجايىپ بىر تونىنى شاھ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. شاھ ئۇنى سىزگە بەرمەي خەزىنىگە تاپشۇرۇۋەتتى، ـــ دەپ، ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ ـ سۆزلەرنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە بايان ئەيلەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

شاھزادە دەرھال ئاتىسىغا كىشى ئەۋەتىپ تونىنى سوراتتى. شاھ ئىلاجسىز تونىنى ئەۋەتتى. شاھزادە تونىنى ئېچىپ، ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ تاماشا قىلىۋېتىپ، تونىنىڭ ئىچىدىكى مەلىكە قەمەرچېھرەنىڭ سۈرىتىگە كۆزى چۈشتى. شۇئان بۇ مەلىكىنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا جان ـ جېنى بىلەن ئاشىق بىقارار، ۋىسالىغا پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن تەشنا بولدى ـ دە، سوغۇق ئاھ تارتىپ ئىختىيارسىز يىقىلدى. توختىماي زارلىنىپ، جىگەر ـ باغرى گۇلخان بولۇپ، ئىشق مۇھەببەتنىڭ ھارارىتىدە كۆيۈپ كاۋاپ بولدى، مەشۇقىدىن بىخەۋەر ھىجران ئازابىدا دەردلىك تولغىناتتى. بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەر بىردەمدىلا داراب شاھقا يەتتى. داراب شاھ كېلىپ كۆز نۇرى، يۈرەك پارىسىنىڭ بۇ قاتارلىق بالاغا گىرىپتار بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەتراپتىكىلەردىن بۇ ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. شاھزادىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر:

ـــ ئەي شاھىم، ھەر ئىش بولسا ئۇشبۇ توندىن يەتتى، ـــ دېيىشتى.

شاھنىڭ پەرمانى بىلەن نۆكەرلەر ھايال ئۆتمەي ھىندى سودىگەرنى ئېلىپ كەلدى. شاھ دەرغەزەپ بولۇپ:

ـــ ئەي بىئەقىل، مېنىڭ بۇنداق ئاچچىقلىنىشىمغا سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ تون سەۋەب بولدى، ـــ دېدى.

ـــ ئەي شاھ، بۇ ئالەمدە شاھزادە سەلماندەك شاھزادە كۆپتۇر. ئەمما، مەلىكە قەمەرچېھرەدەك پەرى يۈزلۈك گۈزەلدىن يەنە بىرى يوقتۇر. ئەگەر سەۋەب قىلىپ تىرىشىپ كۆرسىلە، ئۇ مەلىكە قوللىرىغا كەلسە ئەجەب ئەمەس.

سودىگەرنىڭ سۆزى شاھقا مەقبۇل كەلدى. شاھ دەرھال سەرەندىب شاھىنى كۆپتىن ـ كۆپ مەدھىيىلەپ بىر پارچە نامە پۈتتى. ئاندىن بىرنەچچە دانىشمەن ۋەزىرىنى سەردار قىلىپ نۇرغۇن ھەدىيە، سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇشبۇ ئەلچىلەر نامە ۋە سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، دەشت ـ باياۋانلارنى كېزىپ سەرەندىب شاھىنىڭ شەھىرىگە يېقىن يەتتى.

ئەلقىسسە، شاھ سەرەندىب بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ دۆلەت كاتتىلىرىدىن بىرمۇنچە كىشىنى ئىستىقبالىغا چىقاردى. ئۇلار شاھ داراب ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنى شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئازادە بىر جايغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە خىزمىتىدە پەرمانبەردار بولۇشتى. ئەلچىلەر ياخشى يەپ ـ ئىچىپ بىر كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئەتىسى شاھ ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا سالامغا باردى. ئەلچىلەر دۇئا ۋە سانادىن كېيىن داراب شاھنىڭ نامەسى بىلەن ھەدىيە، سوۋغا ـ سالاملارنى شاھ ھۇزۇرىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزدى. ئاندىن قايتىپ تا بىر ھەپتىگىچە

ھۇزۇر - ھالاۋەتتە ئارام ئېلىشتى.

شاھ سەرەندىب بۇ ئىشلاردىن مەلىكە قەمەرچېھرەنى خەۋەردار قىلدى. بىراق، كۆز نۇرىنى ئىران زېمىنىغا ئەۋەتىشكە زادىلا كۆڭلى ئۇنىمىدى. شۇڭا، ئۇ:

«ئەي بۇرادىرىم، ئەگەر بېشىمنى سورىغان بولسىڭىزمۇ بېرەر ئىدىم. ئەپسۇس، ھەرقانچە ئىلتىجا قىلغان بولساممۇ، پەقەت كار قىلمىدى. قىزىم زادىلا ماقۇل بولمىدى» دەپ جاۋابنامەنى تامام ئەيلەپ، ئەلچىلەرنى ھېسابسىز سوۋغا، ھەدىيىلەر بىلەن تارتۇقلاپ، ئۇزىتىپ قويدى. ئەلچىلەر تاغ، دەشت - باياۋانلارنى تاماشا قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىران شەھىرىگە قەدەم يەتكۈزدى ۋە سەرەندىب شاھىنىڭ نامەسىنى داراب شاھقا بەردى.

داراب شاھ نامە مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپ ئۈن چىقمىدى. ئەمما، شاھزادە سەلمان بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ بىتاقەت بولدى. يۈزىنى تۇپراققا يېقىپ، ئاللاغا مۇناجاتلار قىلىپ: «ئەي كەرىما ۋە رەھىما، ئۆز بەندىلىرىگە مەرھەمەت ئاتا قىلغۇچى تەڭرىم، ئۇشبۇ بىر ئۇچۇم تۇپراقنىڭ يارالمىشى بولغان بۇ بىر پارچە سۈرەتكە پاك روھنى لايىق كۆردۈڭ. ھەر كاللىغا كۆپ خىيال ۋە ھەر دىلغا ھېسابسىز ئوي - پىكىرلەرنى سەن ئاتا قىلدىڭ. بىراۋنى جايىنامازدىن ئورۇن بېرىپ ئىبادەت ۋە سائادىتىڭگە يېقىن قىلدىڭ. يەنە بىراۋغا مۇھەببەت شارابىنى بېرىپ، ئۇنى مەست - ئەلەس ئەيلىدىڭ. يەنە بىر كىملەرنى مۇھەببەت كوچىلىرىدا كۈل قىلدىڭ. بىراۋنى بولسا مەجنۇندەك باياۋانغا تاشلاپ سەرگەردان قىلدىڭ. بەزىلەرنى خۇسرەۋ ۋە بەزىلىرىنى پەرھاد، ئۆزگىسىنى شىرىن ئەيلىدىڭ. مەگەر بۇ ئالەمنى شۇ تەرزدە بىر - بىرىگە ئالاقىدار ياراتقانىكەنسەن، ئۇ ھالدا، ئەي تەڭرىم، ئۇشبۇ ئاشىقلار جامائىتىنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن مەن ئاجىزنى ھەم نائۇمىد قويمىغايسەن!» دەپ ئىلتىجالار بىلەن بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈردى. گويا ئۇتتا كۆيۈۋاتقان قىلدەك تولغىنىپ قەلەندەر بولۇش ھالىتىگە يەتتى. ئاخىر «مۇشۇ مۇراد دەرياسىدىن يەمەن گۆھىرىنى ئىزدەپ تاپقايمەن» دەپ، ئاللاغا ئىلتىجالار قىلىپ ئۆيىدىن چىقتى ۋە شاھ دەرگاھىغا بېرىپ يەرنى ئۆپتى. ئاندىن ئەدەپ بىلەن كۆڭلىدىكىنى بىلدۈرۈپ، ئىجازەت جاۋابىنى ھاسىل قىلىپ، تۆت بۇرادىرى بىلەن جاھان كەزمەككە يول ئالدى.

* * *

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى قەلەندەر سۈپەتلىك بۇ بەش كىشىدىن ئىشىتىڭ:

ئەلقىسسە، شاھزادە سەلمان تۆت بۇرادىرى بىلەن قەلەندەر سىياقىدا ياسىنىپ باياۋان يولىغا راۋان بولدى. ئۇلار ئېگىز - پەس تاغ - دەريالارنى، دەشت - داللارنى مەجنۇن كەبى كېزىپ سەرەندىب شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۈچ - تۆت كۈن تاماشا بىلەن ئۆتتى. بۇ شەھەردە شاھ قەسرىگە ھەم مەلىكىنىڭ جاھاننەماسىغا يېقىن بىر ساراي بار ئىدى. شاھزادە سەلمان ھەمراھلىرى بىلەن شۇ سارايدىن بىر ھۇجرىنى ئالدى ۋە ئۆزلىرىگە تەۋە قىلىپ، لايىقىدا بېزەپ سەرەمجانلاشتۇردى. ئاندىن ھۇجرىدا ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل بولدى. ئارىدىن بەش - ئون كۈن ئۆتتى. بۇرادەرلىرى:

— مۇنداق بىكار يۈرۈش ھۇرۇن - يالقاۋلارنىڭ ئىشىدۇر. شۇڭا، بىرەر مۇناسىپ ئىش تېپىپ قىلساق، — دېيىشتى.

بۇلاردىن بىرى بىر - ئىككى پارچە قەغەز ئېلىپ، ئۇنىڭغا رەڭ بېرىپ، كۆڭلىدە ئويلىغىنى بويىچە ئۇنى بىر دەستە گۈل قىلىپ باغلىدى. ئاندىن:

— بۇ گۈلنى سېتىپ پۇلىنى ئېلىپ كەلگىن، — دەپ سارايۋەننىڭ غۇلامىغا بەردى. غۇلام گۈلنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ئوتتۇز تەڭگىگە ساتتى. غۇلام يىگىرمە تەڭگىنى ئۇلارغا ئەكىرىپ بېرىپ، قالغىنىنى سارايۋەن بىلەن بۆلۈشۈۋالدى. بۇ بەش «قەلەندەر» گۈل سېتىپ

تاپقان يىگىرمە تەڭگىسىنى شۇ كۈنلۈك خىراجىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ گۈلچى ھەر كۈنى بىر دەستە گۈل باغلاپ غۇلامغا تۇتقۇزاتتى. غۇلام بولسا يىگىرمە تەڭگە بېرەتتى. ئەمما، گۈلنىڭ بازاردىكى باھاسى بارغانسېرى ئۆرلەپ ئەللىك تەڭگە، ئاتمىش تەڭگىگە يەتتى. قەلەندەرلەر بولسا ھەر كۈنى بۇ يىگىرمە تەڭگىنى سەرپ قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشەتتى.

بىر كۈنى پۈتكۈل شەھەر خەلقىگە:

— قەمەرچېھرە باغ سەيلىسىگە چىقماقچى. شۇڭا، شەھەر ئەھلى سىرتقا چىقمىغاي! — دېگەن پەرمان يەتتى. بۇ پەرماندىن قەلەندەرلەر خەۋەرسىز ئىدى. يەنە بىر دەستە گۈل باغلاپ غۇلامغا بەردى. غۇلام سارايدىن چىقىشى بىلەنلا مەلىكە قەمەرچېھرەگە ئۇچراپ قالدى. قېچىشنىڭ ئامالى قالمىغانىدى. مەلىكىنىڭ كۆزى غۇلامنىڭ قولىدىكى گۈلگە چۈشتى. مەلىكە بىر كېنىزىكىنى بۇيرۇپ گۈلدەستىنى ئالدۇردى ۋە تاماشا قىلىپ زوقلانغىنىدىن يۈز تەڭگە بەردى. ئاندىن باغ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. غۇلام قەلەندەرلەرگە يىگىرمە تەڭگىنى بېرىپ، قالغىنىنى سارايۋەن بىلەن چۆنتىكىگە سېلىشتى.

ئەلقىسسە، مەلىكە گۈلدەستىدىن ئەسلا كۆزىنى ئۈزمىدى. ئەتىسى كېنىزىكىنى بۇيرۇپ يەنە بىر دەستە گۈل ئالدى. ئالدىنقى كۈنى سېتىۋالغان گۈلدەستە بىلەن بۇ گۈلدەستە ئارىسىدا خېلىلا پەرق بار ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى پەرمان قىلىپ:

— گۈلدەستە بىلەن گۈل ساتقۇچىنى ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كەلگىن، — دەپ كىشى ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە، نۆكەرلەر دەرھال پەرمانبەردار بولۇپ، گۈلدەستە بىلەن غۇلامنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىشتى. مەلىكە گۈلدەستىنى قولىغا ئېلىپ غۇلامغا ئىككى يۈز تەڭگە بەردى ۋە غۇلامدىن:

— بۇ ھۈنەرنى كىم قىلىدۇ؟ بۇ گۈلدەستىنى قەيەردىن ئېلىپ كېلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

غۇلام دېدىكى:

— بۇ ھۈنەر ئۆزۈمدىندۇر، يەنى بۇ گۈلدەستىنى ئۆزۈم ياسايمەن.

مەلىكە شۇئان كىشى بۇيرۇپ قەغەز ۋە لازىملىقلارنى تەييار قىلدۇردى. ئاندىن:

— ھازىرلا مېنىڭ ئالدىمدا بىر دەستە گۈل باغلا! — دەپ پەرمان قىلدى.

غۇلامنىڭ يۈركى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى ئاز قالدى. ئۇ قورققىنىدىن:

— ئەي مەلىكەم، بىزنىڭ سارايدا خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى بەش قەلەندەر پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ ئىشىدۇر. ئۇلار ماڭا، «ھەر كىم سورىسا، ئۆزۈمنىڭ ھۈنىرى، يەنى بۇ گۈلدەستىنى ئۆزۈم باغلىدىم دېگىن. بىزلەرنى ئەسلا تىلغا ئالما» دەپ تاپىلىغان. مەن ھەر كۈنى گۈلنى سېتىپ، ئۇلارغا يىگىرمە تەڭگە بېرىمەن. قالغىنىنى مەندىن سورىمايدۇ، — دەپ بىرمۇبىر بايان قىلدى.

— ئۇلار باغلىغان گۈلدەستىنى ھەر كۈنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرگىن، — دەپ غۇلامنى يولغا سېلىپ قويدى مەلىكە. ئاندىن ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «قاچىنىڭ ئاستىدا قاچا بار. بولمىسا، ئۇ بەش قەلەندەر بۇ يەردە نېمە قىلار؟!» دەپ خىيالغا پاتتى.

ئەلقىسسە، غۇلام كېلىپ بولغان ۋەقەنى قەلەندەرلەرگە ئېيتتى. ئاردىن رەسسام يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇرادەرلىرىگە: «ئەمدى ماڭمۇ خىزمەت ۋاقتى يەتتى» دەپ بىر بولۇڭغا جايلىشىپ، بىر پارچە قەغەزنىڭ ئەتراپىنى چىرايلىق نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەپ، ئوتتۇرىسىغا شاھزادە سەلماننىڭ سۈرىتىنى سىزدى. ئاندىن ئۇشبۇ سۈرەتنى چىرايلىق قاتلاپ گۈلدەستىنىڭ ئىچىگە باغلىدى. بۇ ھۈنەرلەر تامامىغا يەتكەندىن كېيىن، گۈلدەستىنى غۇلامغا

ئاپىرىپ بېرىپ، ئىلگىرىكى قائىدە بويىچە پۇلىنى ئېلىپ كەلدى.

غۇلام پەرمان بويىچە گۈلدەستىنى مەلىكە ھۇزۇرىغا يەتكۈزدى. مەلىكە گۈلدەستىنى تاماشا قىلىۋېتىپ، توساتتىن ئىچىدە بىر پارچە قەغەز تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. دەرھال ئېلىپ ئاچقانىدى، شاھزادە سەلماننىڭ سۈرىتىگە كۆزى چۈشتى. سېھىرگەرلەر شۇنداق تىلسىمات ئېلىگەنكى، بۇ بىر مۇھەببەت زەنجىرى ئىدى. كۆرگەن ئادەم ئەلۋەتتە مەپتۇن بولماي قالمايتتى. دەرۋەقە، مەلىكە ئىختىيارسىز سوغۇق ئاھ تارتىپ، يۈرەك - باغرىدىن پۇچىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولغانىدى.

ئەلقىسسە، دەردۇ پىغان ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە: «يۈز ئاھ، شېرىكىم گويا ماڭا ئوخشاشلا بىر پارچە قەغەز بىلەن مېنى بۇ رەسىمگە مۇپتىلا ۋە شەيدا قىلدى. شۇ قاتارلىق كەڭرى جاھاننى كۆڭۈل قۇشۇم ئۇچۇن قەپەستەك تار ۋە زىنداندىن قاراڭغۇ قىلدى» دەپ بىتاقەت بولۇپ، يەنە باغ سەيلىسى قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. شەھەر خەلقى ئاڭلاپ پىنھان بولۇشتى. مەلىكە ئارامگاھ بېغىغا يېتىپ كەلدى. ھەر زامان ئىشقىنىڭ لەشكىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇد مەملىكىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلماقنى توختاتمايتتى. مەلىكە ئاخىر خىيال دېڭىزىدىن چىقىپ، كېنىزەكلىرىگە بۇيرۇپ بىر پارچە تاختاي ھازىرلاتتى. ئاندىن بارلىق ھۈنەرلەرنى سەرپ قىلىپ، تاختاينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر دەريانىڭ سۈرىتىنى سىزدى. ئەتراپىنى بولسا گۈللۈك قىلىپ بېزىدى. گۈللۈكتە تۈرلۈك گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنداق گۈزەل مەنزىرىنى ھېچبىر كۆز كۆرگەن ۋە ھېچبىر قۇلاق ئاڭلىغان ئەمەس. بىر تەرىپىگە يەنە شاھانە لەشكىرى سەپىنىڭ سۈرىتىنى بەرپا قىلىپ، ئۈستى تەرىپىگە قىممەت باھا تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن بىر تەختنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەتلەس، تاۋار - دۇردۇن ۋە ئاپئاق تېرىلەردىن تەييارلانغان كۆرپىلەر سېلىنغان بۇ تەخت ئۈستىگە ھەشەمەتلىك لىباسلارغا ئورالغان، بېشىغا سۇمۇرغنىڭ پەرى قىستۇرۇلغان شاھانە تاج كىيگەن شاھزادە سەلماننى ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن يېنىغا ئۇنىڭ خىزمىتىدە سەپراس تۇرغان بىرنەچچە قەلەندەر مىسال ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشىنى چۈشۈردى. قارىماققا، دەريانىڭ سۈيى خۇددى راستتەكلا سىر دەرياسىدەك مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپ تۇراتتى.

مەلىكە شۇ قەدەر سېھىر - جادۇ بىلەن ۋايىغا يەتكۈزگەن بۇ تاختاينى بىر دەستە گۈل بىلەن سەلمان ئەۋەتكەن گۈلنىمۇ قوشۇپ باغلاپ غۇلامغا بەردى. چۈنكى، مەلىكە بۇ سۈرەت ئىگىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، بۇ ئالەمدە مەۋجۇتلۇقىنى كۆڭلىدە بىلگەنىدى. ئەتىسى غۇلام يەنە بىر دەستە گۈل بىلەن مەلىكە ئەۋەتكەن تاختاينى ئېلىپ مەلىكە ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدى. مەلىكە بۇ نۆۋەت غۇلامغا ئىككى مىڭ تەڭگە ئىنئام قىلدى. غۇلام ئۆز يولىغا راۋان بولدى. مەلىكە گۈلدەستىنى تاماشا قىلغاچ تاختاينىڭ بۇرجىكىگە بېسىلغان سۈس مۆھۈر ئىزىنى بايقاپ قالدى. ئۇ سەپسېلىپ قاراپ، بۇ مۆھۈرنىڭ ئىران شاھى دارابنىڭ ئوغلى شاھزادە سەلماننىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ پەلەك يەنە قانداق ئويۇنلارنى كۆرسىتەركىن !» دېگەنلەرنى ئويلاپ تاختايغا قارىغانىدى. بىر دەريا سۇ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋېتىپتۇ. مەلىكە گويا دەريا ئېقىنىغا كىرىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ، تاختاينى تۇتۇپ كۆرۈپ، سۇ ئەمەس، بەلكى سۈرەت ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ قاتارلىق ھۈنەر - جادۇلىرىغا ئاپىرىن ۋە تەھسىنلەر ئېيىلدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ بەش قەلەندەرنىڭ بىرى ئەلۋەتتە شاھزادە سەلمان بولسا كېرەك» دەپ جەزم قىلىپ كۆڭلىنى بەزلىدى.

ئەلقىسسە، مەلىكە گاھى تاختايدىكى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ سۈرىتىگە مەپتۇن

بولۇپ قارىسا، گاھىدا گۈلدەستىنى تاماشا قىلاتتى. بىراق، سۈرەتكە قارىغانسېرى ئىشق مۇھەببىتىنىڭ زوقى مەلىكىنىڭ يۈرىكىنى شۇنچە ئۆرتەپ، كۆڭلىنى ئارامىدا قويمايتتى. شۇ تەرىقىدە بارا ـ بارا ئويۇن ـ تاماشا ـــ ھەممىدىن قول ئۈزدى. يېمەك ـ ئىچمەك، ئۇيقۇدىنمۇ قالدى. دائىم يوشۇرۇن ھال ئېيتىپ ئاللاتائالاغا يىغلايتتى. ئەمما، بۇ ئىشقا بىرەر ئامال تاپالمىدى. ئاخىر بىتاپلىقى چېكىگە يەتتى. مەلىكىنىڭ كېنىزەكلىرى ئىچىدە ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان ئەھلى دەرد بىر كېنىزەك بار ئىدى. ئۇ مەلىكىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، مەلىكىنى بىر چەتكە تارتىپ:

ـــ ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، نېمە سەۋەبتىن ئۆزلىرىگە خىلۋەتتىن ئورۇن ھازىرلايدىلا؟ نېمە ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەكتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرىدىلا؟ ئەھۋاللىرى باشقىچە كۆرۈنىدۇ. ماڭا ئېيتسىلا، جېنىمنىڭ بارىچە خىزمەتلىرىدە بولىمەن. مەنمۇ بۇ غەملىرىنىڭ ماڭا تەسىر كۆرسىتىپ، كۆيۈك ئوتۇمنىڭ قايتا ئۇلغىيىپ كېتىشىدىن قورقۇۋاتىمەن. ھازىر ۋاقتىدۇر. ئەگەر ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە، تەنلىرى جۇنۇنلۇق دەردىگە ـــ كۆڭۈل يارىسىنىڭ ئىسكەنجىسىگە بەند بولىدۇ. بۇ ھالدا ئىلاج قىلغىلى بولماس. بىلمەن، بۇنىڭدىن ئارتۇق غەمگە تاقەتلىرى يوقتۇر، ـــ دەپ كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتىپ، مەلىكىگە تەسەللى بەردى.

مەلىكە مۇھەببەت ئىلكىدە مەست ـ ئەلەس بولۇپ:

ـــ ئەي مېھرىبان ئانا، مەن دەردىمنى ساڭا قايسى تىل بىلەن ئېيتىشنى بىلمەيۋاتىمەن. ئاۋۋال بۇ سۈرەتنى كۆرۈپ باق، ـــ دەپ قەغەزنى ئالدىغا قويدى. سۈرەتنى كۆرۈش بىلەن بۇ كېنىزەكنىڭ مۇھەببىتىمۇ جۇش ئۇرۇپ، جان ـ جېنىدىن پىغانى ئۆرلىدى. كېنىزەك دەرھال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

ـــ ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، بۇ سۈرەت ئۆزلىرىگە قاياقتىن يەتتى؟ ـــ دەپ سورىدى.

مەلىكە زار ـ زار يىغلاپ، ھەممە ۋەقەنى بىرمۇبىر بايان قىلدى. كېنىزەك ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولۇپ، مەلىكىنىڭ ھالىغا ھەمدەرد بولدى. دېدىكى:

ـــ ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، بىرىنچىدىن، بۇ رەسىمگە ئەسلا بەند بولمىغايلا. چۈنكى، بۇ سۈرەت ئىگىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىدىن خەۋەر يوقتۇر. ئىككىنچىدىن، ھازىردىن باشلاپ بۇ سۈرەتنىڭ بەھرىدىن ۋاز كەچكەيلا، ئىمكان بار ئۆزلىرىنى بالا توزىقىدىن يىراق تۇتقايلا...

ـــ ئەي ئانا، ـــ دېدى مەلىكە ئوتلۇق ئاھ تارتىپ، ـــ شۇ تاپتا بۇنداق سۆزلەرنىڭ پايدىسى يوقتۇر. ئەگەر ماڭا راستىنلا رەھىم قىلماقچى بولساڭ، شۇبۇ بەش قەلەندەرنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى بىلىشنىڭ تەدبىرىنى قىلغىن !

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى كېنىزەكتىن ئىشىتىڭ:

ـــ ئەي ئانا، ئورنۇڭدىن تۇر، ـــ دېدى مەلىكە، ـــ دەرھال پالانى سارايغا بارغىن. پالانى ھۇجرىدا بەش قەلەندەر بار. ئۇ ھۇجرىغا كىرىپ، ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ، بۇ سۈرەتنىڭ ئەسلىنىڭ قەيەردە، ئېتىنىڭ نېمە، قايسى ۋىلايەتتىن ئىكەنلىكىنى؛ ئۇلارنىڭ بۇ ماكاندا تۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەل. بولمىسا، تۇگىمەس ئىزتىراپ ئىچىدە قالىمەن.

ئەلقىسسە، كېنىزەكمۇ مەستانە ھالەتتە يولغا چىقتى. ئۇ سارايغا كېلىپ مەلىكە ئېيتقان بەش قەلەندەرنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ، قەلەندەرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ داستىخاندا ئولتۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ بىلدىكى، تۆت قەلەندەر پەگادا ئولتۇراتتى، بىرى يۇقىرىدا گويا شاھلاردەك ئولتۇرۇپتۇ.

كېنىزەك مەلىكىنىڭ ئۆيىدىكى قەغەزگە نەقىش قىلىنغان سۈرەتنىڭ مۇشۇ يىگىتنىڭ سۈرىتى ئىكەنلىكىنى پەملىدى ـ دە، ئاۋۋال سۆز ئاچتى:

— ئەي قەلەندەرلىرىم، قايسى ۋىلايەتتىن بولىسىلەر؟ ئاتلىرىڭلار نېمە؟ بۇنداق غېرىبانە جەندىلەرنى كىيىپ، قەلەندەردەك ياسىنىۋېلىشىڭلاردا قانداق مەقسەت ـ مۇددىئايىڭلار بار؟ بۇ سارايغا چۈشكۈن قىلىشىڭلارنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟ ئۇ كېلىشكەن يىگىت كىم؟... — دەپ بىرمۇنچە سوئاللارنى سورىدى.

— بىر يولىلا مۇنچە كۆپ سوئاللارنى سوراشتىن مەقسىتىڭىز نېمە؟ — دېدى قەلەندەرلەردىن بىرى سۆز قايتۇرۇپ.

كېنىزەك شۇئان جاۋاب بېرىپ:

— مەن دەۋرانىمىزنىڭ گۈزىلى، زامانىمىزنىڭ شۆھرىتى مەلىكە قەمەرچېھرەنىڭ كېنىزىكى بولىمەن. ھال ـ ئەھۋال سوراپ كېلىشكە مەلىكەم ئەۋەتتى. سىلەر نېمە دېسەڭلار، مەن بېرىپ مەلىكەمگە شۇنى ئېيتىمەن، — دېدى.

قەلەندەرلەر بۇ ئىشلارنى باشقىلاردىن مەخپىي تۇتۇشنى تاپىلاپ، كېنىزەكنىڭ سورىغانلىرىغا بىرمۇبىر جاۋاب بېرىشتى. كېنىزەك بۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى زوق بىلەن ئاڭلاپ، كۆڭلىگە پۈكۈپ، دەرھال ئۆزىنى مەلىكە ھۇزۇرىغا يەتكۈزدى ۋە كۆرگەن ـ ئىشتكەنلىرىنى تولۇقى بىلەن بايان قىلدى. مەلىكە ئۈمىدلىنىپ، شۇئان قولىغا قەلەمنى ئالدى ۋە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ ئىككى كەلىمە سۆز ئىنشا ئەيلىدى: «ئەي قەلەندەر سۈپەت ئاشىقلارنىڭ سۇلتانى، ئەي ھىجران شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى شاھى، سىلەر بىر سۈرەتنى ئاشكارىلاپسىلەر، ئۇ كۆڭۈللەر تىلسىماتىنى ۋەيران قىلدى. ئۇشبۇ قارا بېشىمدا سەۋدا، دىلىمدا غوۋغا پەيدا قىلىپ، يۈرەك ـ باغرىمنى ئۆرتىدى. ئەسلىدە بىر سەرۋى نوتىسى ئىدىم. ئۆمرۈمنىڭ كۈنلىرى ھەمىشە باھار پەسلىدەك خۇشال ۋە غەمسىز ئۆتەتتى. سىلەرگە قانداق زۇلۇم ۋە تەھدىت سالدىمكىن، بىلەلمىدىم. مەندەك بىر دەردمەنگە نېمە سەۋەبتىن مۇنچە ئاداۋەت بىلەن بۇ تەرىقە ئىشلارنى ئىزھار قىلىسىلەر. بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى نە يەرگە يېتەر؟! نامە تامام ۋەسسالام.»

ئەلقىسسە، كېنىزەك بۇ نامەنى شۇ زامان قەلەندەرلەرگە يەتكۈزدى. سەلمان شاھزادە كېنىزەككە بىر لېگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىلدى. ئاندىن نامەنى ئېچىپ مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپ، گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. شاھزادىمۇ بىر نامە ئىنشا ئەيلەپ ئىككى دانە قىزىل ياقۇت بىلەن كېنىزەككە تاپشۇردى. كېنىزەك يولغا راۋان بولۇپ، ھايال ئۆتمەي نامەنى مەلىكىگە يەتكۈزدى. مەلىكە خۇشال بولۇپ نامەنى ئېچىپ كۆردىكى، ئۇ مەكتۇپ باشتىن ـ ئاياغ مۇھەببەت دۇردانىلىرى بىلەن پۈتۈلگەنىدى. ئۇشبۇ نامەنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي يىگانە گۆھەر دەرياسىنىڭ سەدىپى، ئەي سۆزلىرى شېرىن، لەۋلىرى شېكەر، ۋاي كەلگۈسى پارلاق دىلرەبا، ۋاي شادلىق قوزغىغۇچى گۈزەل! مۇنچە ئىقبال، دۆلەت ۋە ھۆسن ـ لاتاپەتلەرگە لايىق تۇرۇپ، سىزگە يەنە كىمدىن ۋە نېمە سەۋەبتىن مۇنداق كۆڭۈل ئاغرىتىدىغان سۆزلەر يەتتى؟ ھايات مۇساپىڭىزنىڭ تولىمۇ قىستاڭچىلىق، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن شىكايەتلەر قىلىپسىز. توغرا، بۇنداق غەم ـ قايغۇ، مېھنەت بىزدەك ئايرىلىش ئازابىدا ئۆتۈۋاتقانلار ئۈچۈن مۇناسىپتۇر. ئەمما، ۋىسال ئارزۇسىدا ھەرقانچە ئەلەم ۋە سىتەملەر بولسىمۇ، ئەي جاھاننىڭ جېنى، بەس، ئەسلا غەم ـ ئەندىشە قىلىپ يۈرمەڭ. ھەتتا خان پەرمانى بولغان تەقدىردىمۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ بىر تەدبىرى بولىدۇ...»

مەلىكە بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، يەنە نامە پۈتۈپ كېنىزىكىدىن ئەۋەتتى. نامە «ھەرقانداق تەدبىر بولسىمۇ تېزرەك بولغاي!» دېگەن مەزمۇندا ئىدى.

شاھزادە ئۈچىنچى بۇرادىرىگە قاراپ:

— ئەمدىكى خىزمەتنىڭ نۆۋىتى سىزنىڭ، — دەپ، ئۇنى كېنىزەككە قوشۇپ ماڭدۇردى. كېنىزەك ئۇ يىگىتنى ئايالچە كىيىندۈرۈپ، بېشىغا رومال ئارتىپ مەلىكىنىڭ قەسرىگە ئېلىپ كەلدى. يىگىت ساراي بىلەن بۇ قەسىرنىڭ ئارىلىقىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ، قەسىر ئىچىدىكى بىر ھۇجرىنى تەيىن قىلدى. ئاندىن:

— ئىنشائاللا، مۇنچە كۈندە شۇ ھۇجرىنىڭ ئاستىدىن چىقسام كېرەك. ئەي مەلىكەم، شۇ كېچە خەۋەر كۈتۈپ تۇرغايلا، — دەپ سارايغا قايتىپ ئەسۋاب - جابدۇقلىرىنى راسلىدى ۋە دەرھال سارايدىن باشلاپ قەسىر ئىچىدىكى ھۇجرىنى نىشانلاپ ھەر كۈنى كېچىدە توختىماي لەخمە كولاشقا باشلىدى. دەرۋەقە، يىگىت مۆلچەرلىگەن كۈنى كېچىدە لەخمىنى كولاپ ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ، مەلىكىنىڭ قەسرى ئىچىدىكى تەيىن قىلىنغان ھۇجرىدىن بېشىنى چىقاردى. كېنىزەك خەۋەردار ئىدى. بۇ ئىشنى مەلىكىگە مەلۇم قىلغانىدى. مەلىكە ھېسابسىز خۇشال بولۇپ، شۇئان ھۇجرىغا يېتىپ كەلدى.

لەخمىكار يىگىت مەلىكىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئەدەپ بىلەن:

— ئەي مەلىكەم، سىلى ئاۋۋال سارايغا بېرىپ شاھزادىمىزنىڭ ھۇجرىسىنى روشەن ۋە گۈلشەن قىلامدىلا ياكى شاھزادىمىز بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزلىرىنى تاۋاپ قىلسۇنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەلىكە جاۋاب بېرىپ:

— بۇ كېچە ئاۋۋال شاھزادە سائادەت قەدىمىنى بىز بىچارىلەرنىڭ كۆزلىرىگە سۈرمە قىلغاي! — دەپ لەخمىكار يىگىتنى نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى. كېنىزەك دەرھال بۇ ھۇجرىنى ياساپ - جابدۇپ تاشقىرى چىقىپ لەخمە ئاغزىدا شاھزادىنىڭ يولىغا كۆز تىكىپ تۇردى. مەلىكە كىيىنىپ - تارىنىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ھۇجرىدا شاھزادىنى تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ ئولتۇردى.

لەخمىكار يىگىت كېلىپ شاھزادىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. شاھزادە ھەم ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ قولىغا مەشئەلنى ئېلىپ، يارەنلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ مەشۇقى تەرەپكە يول ئالدى. يول بويى خۇداغا سىغىنىپ، ئىشق - مۇھەببىتىنى ئىزھار ئەيلەپ، ئۇشبۇ رۇبائىينى ئوقۇدى. رۇبائىي:

ھەر گۈلشەنە بارسام ئول بەلەند ئىقبال بولسۇن، بەس،
ھەم گۈللار ئاچىلىپ نەچە پامال ئولسۇن، بەس.
كەمەندى ھەممەتىمنى ئىشرەت ئەيۋانىغا تاشلاپ مەن،
غەمىم يوق غەير ئېلى قەسدىم ئۈچۈن دۇنبال ئولسۇن، بەس.

ئەلقىسسە، كېنىزەك لەخمە بېشىدا ئىدى. شاھزادە يېتىپ كېلىشى بىلەن مەلىكىنىڭ خىلۋەتگاھىغا باشلاپ بېرىپ، مەلىكىدىن سۆيۈنچە ئالدى. شاھزادىنىڭ كۆزى مەلىكىگە چۈشتى. دەرۋەقە، مەلىكە ئىشىتكەن - ئاڭلىغانلىرىدىن، سۈرەتتىكىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل ئىدى. مەلىكىمۇ كۆردىكى، شاھزادە ھۆسن - جامالدا، لاتاپەتتە، قەددى - قامەتتە تولىمۇ قاملاشقانىدى. ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە تويماي بېقىشىپ، نەچچە قېتىم بىخۇد بولۇپ، يەنە ھوشىغا كېلىپ، نۆۋەتتە بىرى بىرىگە شاراب تۇتۇشۇپ، بىرى بىرىنىڭ قولىدىن مۇھەببەت شارابىنى ئىچىشىپ، ئايرىلىش ئىچىدە ئۆتكەن كۈن - تۈنلىرىنى ئەسلىشىپ ھەمسۆھبەتتە بولۇشتى.

ئەلقىسسە، سۈبھى ۋاقتى بولدى. ۋىدالىشىدىغان چاغدا شاھزادە مەلىكىنى سارايغا تەكلىپ قىلىپ خوشلاشتى. شاھزادە ھۇجرىسىغا كەلدى. مەلىكە تەلمۈرگىنىچە زارىقىپ تولىمۇ مۇشەققەت ئىچىدە بۇ بىر كۈننى كەچ قىلدى. ئاخىر ئارام دۇمبىقى ئۇرۇلغاندىن كېيىن، مەلىكە تاقەتسىزلىك بىلەن لەخمە يولىغا چۈشۈپ، پات پۇرسەتتە سارايغا يېتىپ كېلىپ قەلەندەرلەر ھۇجرىسىدىن بېشىنى چىقاردى. شاھزادە يېنىدىكى تۆت قەلەندەرنى تونۇشتۇرۇپ:

— بۇلار مېنىڭ بۇرادەرلىرىمدۇر. شۇڭا، ئۇيالماي، يۈزىڭىزدىكى چۈمبەلنى قايرىۋېتىپ ئولتۇرسىڭىزمۇ جايىزدۇر، — دەپ مەلىكىنى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە تارتىنماستىنلا يۇقىرىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى. بەزمىلەر تا سۈبھىگىچە داۋاملاشتى. مەلىكە ۋىدالىشىپ تۇرالغۇسىغا قايتتى. ھەر كېچە مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن شەھەرگە: «پالانى سارايدا بەش قەلەندەر بارمىش. پۇل - مالىلىرى زىيادە كۆپمىش. بۇ جاھاندا ئۇلارنىڭ تەڭدىشى يوقمىش...» دېگەندەك گەپ - سۆزلەر تارالدى. بۇ خەۋەر ئاستا - ئاستا شاھنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. شاھنى خىياللار بېسىپ: «پىنھان بېرىپ، راست - يالغىنىنى بىر بىلىپ باقايچۇ» دېگەن ئارزۇ كۆڭلىنى چىرمىۋالدى. شاھ بىر كۈنى ۋەزىرىنى ھەمراھ قىلىپ، يېرىم كېچىدە ئۇ سارايغا كەلدى ۋە سارايۋەننى ۋاقىپلاندۇرۇپ، ئاستا - ئاستا ئىچكىرى كىرىپ قەلەندەرلەرنىڭ ھۇجرىسىغا يېقىنلاشتى. ھۇجرىدا چىراغ يورۇق ئىدى. شاھ ئاۋايلاپ بېرىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىغانىدى، مەلىكە قەمەرچېھرە مەجلىستە شېئىر ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ شاھنىڭ بەدىنىدىكى ھەربىر مويى نەشتەر بولۇپ لىباسلىرىدىن باش چىقاردى. قان ئىچىشكە تەييار تۇرغان شەمشىرى قىنىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى. شاھ گويا ھۇجرىغا بېسىپ كىرىپ، بۇ ئالتىسىنىڭ بېشىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلىش ھالىتىگە يەتكەنىدى. شۇ پەيتتە ۋەزىر شاھنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە:

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھىم، بۇنىڭ نېمىسى بولمىغۇدەك؟! — دەپ تەسەللى بېرىپ، شاھ كۆڭلىنى تىنچىتتى.

شاھ غەزىپىنى بېسىپ:

— ئەي ۋەزىر، قەمەرچېھرە بۇنداق بىپەرۋا بولماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەمەسىكىن دېسەم، قەمەرچېھرەنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر. ئەمدى سەن بۇ يەردە ئۇلارنى ھېچ يەرگە بارغۇزماي كۆزىتىپ تۇرغىن. مەن قەمەرچېھرەنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ، بار - يوقلۇقىدىن خەۋەر ئېلىپ كۆرەي، — دەپ مەلىكە قەسىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ۋەزىر دەرھال ھۇجرىغا كىرىپ:

— ئەي ھەمنەپەسلەر، ئاگاھ بولۇڭلاركىم، شاھ بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولۇپ مەلىكىنىڭ قەسىرىگە كەتتى. ئەمدى قانداق قىلىشنى ئۆزۈڭلار بىلىڭلار. مەن شاھنىڭ ۋەزىرىدۇرمەن، — دەپ بولغان ۋەقەنى رەھىم - شەپقەت يۈزىسىدىن بۇلارغا مەلۇم قىلدى.

مەلىكە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قەلەندەرلەرگە:

— سىلەر خاتىرجەم بولۇپ، ئاۋۋالقىدەكلا مەجلىسىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭلار، ئەسلى ھالەتنى بۇزماڭلار. بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى تېپىلىپ قالار، — دەپ لەخمە بىلەن قەسىرىگە قايتتى ۋە تېزلىك بىلەن ھۇجرىسىغا كىرىپ، دەرپەردە ئىچىدىن ئورۇن ئالدى. شاھ بېرىپ قەمەرچېھرەنىڭ تاتلىق ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ «سۇبھانالللا» دەپ يەنە سارايغا قاراپ يول ئالدى. كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، مەجلىسنىڭ ھالىتى قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ. مۇشائىرە يەنىلا داۋاملىشىۋېتىپتۇ.

ئەلقىسسە، شاھ شۇ تەرىقىدە تا سەھەرگىچە يەتتە مەرتەم يۈگۈردى. مەلىكىنى ئىككى جايدا ھازىر كۆردى. نائىلاج بولۇپ، ئاخىر ۋەزىرىنى ئېلىپ قەلەندەرلەرنىڭ بەزمىسىگە ئۇسۇپ كىردى. مەلىكىنىڭ رەڭگى - رويى ئوخشاش ئىدى. قەلەندەرلەر دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، شاھ بىلەن ۋەزىرنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى. قايتىدىن داستىخان سېلىپ، نازۇ نېمەتلەرنى تارتتى. ئاندىن مەلىكىنىڭ قولىدىن ئىككى پىيالىدىن مەي ئىچىشتى. قەلەندەرلەرمۇ ھېچبىر قورقۇنچ - ۋەھىمە ھېس قىلىشمىدى. سۈبھى ۋاقتى بولدى. شاھ بىلەن ۋەزىر قەلەندەرلەر بىلەن ۋىدالىشىپ ئوردىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ بۇ يەردىكى بەزمە ئەمدى ئاخىرىغا يەتتى. سىلەر سەپەر جابدۇقلىرىنى تەخلەپ ھازىر بولۇپ تۇرۇڭلار. بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئىران مەملىكىتىگە بېرىۋالايلى. مەندە مال ـ دۇنيا كۆپتۇر. كېنىزەكتىن سىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىمەن، ــ دەپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ تۇرالغۇسىغا راۋان بولدى. ھەر كۈنى كېنىزىكىدىن مال ـ دۇنيا يەتكۈزۈپ تۇردى. شاھ ئېھتىيات يۈزىسىدىن يەنە بىرقانچە كېنىزەكنى تەيىنلەپ، مەلىكىنىڭ قەسرىنى تېخىمۇ مەھكەم ساقلىدى.

ئەلقىسسە، قەلەندەرلەر ياخشى ئاتتىن يەتتىنى ھازىرلاپ، ئېگەر ـ جابدۇقلىرىنى توقۇپ، ھەر ۋاقىت مېڭىشقا تەييارلىنىپ تەخ بولۇپ تۇردى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. بىر كېچىسى مەلىكە بىلەن كېنىزەك ئەرەنچە ياسىنىپ لەخمە يولى بىلەن سارايغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار يەنە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، لەئەل ـ ياقۇت ۋە جاۋاھىراتلار ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار يېرىم كېچە بولغاندا سارايۋەنگە بىر مۇشت ئالتۇن بېرىپ، ئاتلىرىغا مىنىپ ئىران يولىغا راۋان بولدى.

مەلۇم بولغايكى، شاھزادە يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى بىر پارچە نامە پۈتۈپ ھۇجرىغا قويۇپ قويغانىدى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەبەدىي ھۆرمەتكە لايىق، ئەي ئۇلۇغ شاھىم، كەمىنە ئىران زېمىنىنىڭ شاھى دارابىنىڭ ئوغلى شاھزادە سەلماندۇرمەن. تەقدىرى قىسمەت بىلەن مۇنچە كۆپ نامۇۋاپىق ئىشلار روي بەردى. ئەگەر ئىران زېمىنىغا ساق ـ سالامەت بېرىپ شاھ ئاتام بىلەن دىدارلىشالىسام، يەنە نامە يوللاپ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىمەن. ئەلۋەتتە، بىزلەردىن خاتىرجەم بولغايلا. نامە تامام، ۋەسسالام.»

بۇ كېچە ئۆتتى. ناشتا ۋاقتى ئىدى. خىزمەتكارلار مەلىكە بىلەن كېنىزىكىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى بىلىپ، شاھقا خەۋەر يەتكۈزۈشتى. شاھ بىتاقەت بولۇپ، دەرھال مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئەتراپقا نەزەر سېلىپ لەخمىنى كۆردى. شۇئان لەخمىگە چۈشۈپ، لەخمە يولى بىلەن ھايال ئۆتمەي سارايغا يېتىپ كەلدى. كۆردىكى، ھۇجرىدا بىر پارچە نامە تۇرۇپتۇ. شاھ نامە مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، بىر پەس ئېسىنى يوقاتتى. ئەمما، تېز پۇرسەتتە ئېسىگە كېلىپ، سەۋر ـ تاقەتنى دوست بىلىپ، ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ «ئۇلارنى خۇدايىتائالاغا تاپشۇردۇم» دەپ يەنە شاھلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. كۆڭلىدە بولسا، شاھزادە سەلماننىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئاپىرىن ۋە تەھسىنلەر ئوقۇدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە مەلىكە، كېنىزەك ۋە بۇرادەرلىرى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر كۈنى بىر بۇلاق يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردە توختاپ، ئاتلارنى دەم ئالدۇرۇپ، كېچىنى شۇ بۇلاق بېشىدا ئۆتكۈزۈشكە تەرەددۇت قىلىشتى.

تۈن نىسپىدىن ئاشقانىدى. مۇدەررىسكە شاگىرت بولغان موللا يىگىتنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ غۇسۇل قىلدى. ئاندىن قازا نامازلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇراتتى، ئىككى قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، بۇلاق لېۋىدىكى دەرەخكە قوندى. كېچە ئايدىڭ ئىدى. بىر قۇشنىڭ تۇمشۇقىدا بىر تال يوپۇرماق بار ئىدى. يەنە بىر قۇش كېلىپ يوپۇرماقنى تالاشتى. يوپۇرماقنى بىرى بىرىدىن قىزغىناتتى. تالىشىش بىر ھازا داۋاملاشتى. بۇلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن جەڭگى ـ جېدەلنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئاخىر يوپۇرماق يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئىككى قۇشمۇ تەڭلا قانات قېقىپ يەرگە قوندى. موللا يىگىت بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: «بۇ يوپۇرماقنىڭ چوقۇم بىرەر خاسىيىتى بولسا كېرەك، بولمىسا، بۇ قۇشلار مۇنچىلىك تالاشماس ئىدى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، يوپۇرماقنى ئالدى ـ دە، ئاغزىغا سېلىپ يۇتۇۋەتتى. يوپۇرماق ھەزىم بولۇش بىلەن موللا يىگىت پۈتكۈل جانىۋارلارنىڭ تىلىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىغان خاسىيەتكە ئىگە بولدى. يوپۇرماقتىن ئايرىلىپ قالغان بۇ ئىككى قۇش بىر ـ بىرىگە تاپا قىلىشقا باشلىدى.

بىرى دېدىكى:

ــ بۇ يوپۇرماق بىزگە نېسىپ بولمىدى.

يەنە بىرى دېدىكى:

— ئەگەر سەۋر قىلغان بولساق، خاسىيىتى ھەر ئىككىمىزگە تەڭ بولغان بولاتتى...

ئۇلار «ھەي، ھەي ! دەرىخ، ئەپسۇس !» دېيىشىپ نادامەت بىلەن ئۇچۇپ كېتىشتى.

تالىپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى. چۈنكى، ئۇ تۇرلۇك جانىۋارلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان بولغانىدى. بۇنىڭ سىرى مۇنداق ئىدى:

ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ھەزرىتى ئادەم سەفىيۇللاھنىڭ قەبرىسى ئالدىدا بىر تۈپ دەرەخ بار ئىدى. ھاياتلىقتىن ھەر كىم ياكى ھەر نېمە ئۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىنى قايسى نىيەت بىلەن ئېلىپ تۇتسا ياكى يۇتسا، شۇ نىيەتكە يارىشا خاسىيەتكە ئىگە بولاتتى. بۇ قۇشلار يوپۇرماقنى ئادەمزاتنىڭ زۇۋانىنى (تىلىنى) تامام بىلىشنى نىيەت قىلىپ ئۈزگەنىدى. ئەپسۇس، ئۇلارغا نېسىپ بولمىدى. ئەكسىچە، بۇ نىيەت مۇنۇ موللا يىگىتكە نېسىپ بولدى. ۋەللاھۇ ئەئلەم (ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).

ئەلقىسسە، بۇ كېچە ئۆتتى. يارەنلەر يەنە يولىغا راۋان بولدى. تا ئىران زېمىنىغا قاراشلىق بىر ناھىيىگە يېتىپ كېلىپ، سۇيى ئېقىپ تۇرغان بىر ئېرىق بويىغا جايلاشتى. يارەنلەر ئۇيقۇغا غەرق بولۇشتى. ئەمما موللا يىگىتنىڭ يەنە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ تەرەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ ئولتۇرغانىدى. بىر جۈپ قۇش كېلىپ ئېرىق بويىدىكى دەرەخكە قوندى. بىرى يەنە بىرىگە بېقىپ: «ھەي دەرىخ!» دەپ كۆپ ئەپسۇس - نادامەتلەر قىلغانىدى، يەنە بىرى:

— ئەي دوستۇم، بۇنداق ئەپسۇس - نادامەتلەر چېكىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

ئاۋۋالقىسى دېدىكى:

— بىلمەمسەن، ئۇشبۇ مېھمانلارنىڭ بىرى سەلماندۇر. ھەي ئىست ! پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ. پات پۇرسەتتە ئۇنىڭ بېشىغا بالا ياغىدىغان بولدى. مەن ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. نادامەت چەكمىكىمنىڭ سەۋەبى مانا شۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى يەنە بىرى، — پېشانىسىگە ھالاكەت پۈتۈلگەنىكەن، ئەلۋەتتە، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشىنىڭ چارىسىمۇ پۈتۈلگەن بولىدۇ. قانداق ئىلاج قىلماق كېرەكلىكىنى بىلەمسەن؟

— ئەلۋەتتە، ئىلاجى باردۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ئاۋۋالقى قۇش، — مەيلى كىم بولسۇن، پەقەت ئۇچار قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلىكى ئادەم بولسا، شاھزادە سەلماننى ئۆلۈمدىن خالاس قىلالايدۇ.

بىرى يەنە سوئال سورىدى:

— ئېيتقانلىرىڭنىڭ مەنىسى نېمە؟

يەنە بىرى جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— ۋاقتىكى، شاھزادە سەلمان جاپا - مۇشەققەتنى ئىختىيار قىلىپ سەپەرگە چىققانىدى. بىراق، سەپىرى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. داراب شاھ ئۇمىد ئۈزۈپ، باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇكىسىنى ۋەلىئەھد قىلىپ، ئۆزى خىلۋەتكە كىرىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. ۋەلىئەھد يېقىندا شاھزادە سەلماننىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، تەختتىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي، تۇرلۇك ئامال بىلەن شاھزادىنى كۆزدىن يوقىتىپ، شاھلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش كويىدا بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، بىرىدىن بولمىسا، بىرىدىن تەسىرى يوقۇپ شاھزادىنى نابۇت قىلغاي، دېگەن ئۈمىدتە بىر قۇش، بىر ئات، بىر ئىت، نەچچە قۇر ئېسىل تون ۋە بىر مەھرەمنى ناھايىتى ئۆتكۈر زەھەرگە چىلانغان ئالتۇن - كۈمۈش ۋە جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەپ، شاھزادىنىڭ ئىستىقبالىغا ئېلىپ چىقىشنىڭ ھازىرلىقىنى قىلىۋاتىدۇ. ناۋادا شاھزادە بۇلاردىن بىرەرىگە قول تەگكۈزسىلا، ھايال ئۆتمەي جېنىدىن جۇدا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشلارنى رەت قىلماقنىڭ چارىسى شۇكى، شاھزادە ئىستىقبالى ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن ھەرقانداق جانۇجانىۋار، تون - سەرۇپاي ۋە جاۋاھىراتلارنى بىرىنى قالدۇرماي كۆيدۈرۈپ،

ئاتىسى كېلىدىغان يول ۋە دەرۋازىنى تاشلاپ، ئۇلارغا قارىماستىن باشقا يول ۋە دەرۋازا بىلەن شەھەرگە كىرىپ، ئۇدۇل ئوردىغا يېتىپ بېرىۋالسا، ئۇشبۇ بالا - قازالاردىن ئامان قالغاي، بولمىسا، تەخىرسىز ھالاك بولغۇسىدۇر. ھەتتا بۇ سىرلاردىن ۋاقىپ بولغان ھەرقانداق بىر كىشى بۇ سۆزلەرنى باشقا بىرىگە بايان قىلسا ھەم تاشقا ئايلانغۇسىدۇر.

قۇشلار سوئال - جاۋابلىرىنى تاماملىغا يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىشتى. موللا يىگىت پەرىشان بولۇپ ھېسابسىز غەمگە پاتتى...

بۇ كېچە ئۆتتى. موللا يىگىت تەزىم قىلىپ:

— ئەي شاھزادە ۋە ئەي بۇرادەرلىرىم، ئەمدى خىزمەت ئادا بولدى. ماڭا جاۋاب بېرىپ رازى بولغايسىلەر. مەن سىلەر بىلەن مۇشۇ يەردە خوشلىشىپ، باشقا جايلاردىن روزغار ئىزدىمەكچىمەن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

شاھزادە ھەيران بولۇپ:

— ئەي بۇرادەر، مانا ئەمدى ھوزۇر ۋە پاراغەتنىڭ ۋاقتى بولدى. ئەگەر ئاللا بۇيرۇغان بولسىلا، مەن سىزنى ئەسلا قويۇپ بەرمەيمەن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، مۇنۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى ئىختىيار قىلىڭ، — دېدى موللا يىگىت، — بىرى شۇكى، ئىجازەت بېرىپ مېنى يولغا سېلىپ قويۇڭ؛ يەنە بىرى، خاھى يامان ئىش بولسۇن، خاھى ياخشى ئىش بولسۇن، تا بۇ يەردىن پايتەختكە بارغۇچە ئىختىيار تىزگىنىڭىز مەندە بولغاي!

شاھزادە شۇ زامان: «قەدىمىم تا پايتەختكە يەتكۈچە ئىختىيار تىزگىنىم بۇرادىرىم موللا يىگىتتە بولغاي» دەپ بىر پارچە ئەھدىنامە پۈتۈپ موللا يىگىتكە بەردى. موللا يىگىتنىڭ بۇ ئىشتىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، شاھزادە ۋە بۇرادەرلىرى بىلەن يولغا راۋان بولدى. بۇلار شەھەرگە يېتىپ كەلدى. كۆردىكى، لەشكەرلەر توپ - توپ سەپ تۈزۈپ بۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا چىققاندى. لەشكەرلەرنىڭ قوللىرى دۇئادا ئىدى.

ئەلقىسسە، ئىنئام - تارتۇق سۇپىتىدە شاھزادە ۋە بۇرادەرلەرنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىگە ھازىرلانغان سوۋغا - سالاملىرى يېتىپ كەلگەندى. موللا يىگىتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇرادەرلەر ھەممىنى ئۇرۇپ - سۇندۇرۇپ، ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى.

داراب شاھ بىلەن شاھزادىنىڭ ئىنىسى بىر دەرۋازىدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما، شاھزادە موللا يىگىتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاتىسىغا قارىماستىن بۆلەك دەۋازىدىن كىرىپ، پايتەختكە بېرىپ قارار تاپتى. داراب شاھ ئىچكىرىگە كىرىپ بەش ئوغۇلنى كۆرگەندىن كېيىن خۇداغا شۈكۈرلەر ئېيتتى. بىراق، كۆڭلى پەرىشان بولۇپ:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرلىرى، مېنى خەلق ئارىسىدا خىجىل ۋە شەرمەندە قىلدىڭلار. بۇنداق قىلىشتىن سەۋەب نېمە؟ — دەپ كۆپتىن - كۆپ كۆڭۈل ئاغرىقى ئىزھار قىلدى. شاھزادە ئاتىسىنىڭ بۇ قاتارلىق پەرىشان بولۇۋاتقانلىقىغا چىدىماي، ئاخىر راست گەپنى ئېيتىپ، بۇ موللا يىگىتنىڭ كۆرسەتمىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

شاھ موللا تالىپقا تىكىلىپ:

— ئەي ئەقىلسىز، بۇ نېمىدېگەن ئەدەپسىزلىك. بۇنداق بولمىغۇر قىلىق قانداقسىگە سەندىن سادىر بولدى؟! مېنى خالايىقلار ئىچىدە شەرمەندە قىلدىڭ. ئەگەر سەۋەبىنى دەپ مېنى رازى قىلساڭ ھايات قالىسەن، بولمىسا، سىياسەت دارىغا ئېسىلىسەن! — دەپ تەھدىت سالدى.

موللا تالىپ شاھنىڭ ئەلپازىغا قاراپ مەزكۇر سىرلارنى بايان قىلمىسا، بەرىبىر ئۆلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— ئەي شاھ ئاتا، بۇ خۇسۇستا سوئال سورىمىغان بولسىلا ياخشى بولار ئىدى. كېيىن پۇشايمان قىلسىلىمۇ ھېچبىر پايدىسى بولمىغاي! — دەپ قىسسەنى باشتىن - ئاياغ، بىرمۇبىر بايان قىلىپ بولۇپ، ئوردا ئەھلى ۋە شاھزادە، مەلىكە

ھەم بۇرادەرلىرىدىن رازىلىق تىلەپ يەرگە يىقىلدى. ئاندىن ئاستا - ئاستا تاشقا ئايلىنىپ قالدى. شاھ بىلەن شاھزادە بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھېسابسىز پۇشايمان قىلدى. بىراق، ھېچبىر پايدىسى بولمىدى. شاھزادە سەلمان ئورنىدىن تۇرۇپ، ياقىلىرىنى پارە - پارە قىلىپ، ھېچكىمگە قارىماستىن تاشنى بېشىغا ئېلىپ، ئاھ - نالە قىلىپ باياۋانغا قاراپ يول ئالدى. گاھى دەشت، گاھى سەھرا ۋە گاھى تاغ - دەريالارنى كېزىپ يۈرۈپ، توختىماستىن ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدەملىرىدىن شىپالىق تىلەيتتى. بىر كۈنى ھەزرىتى ئاللاتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن باياۋاندا خىزىر سۈپەت بىر ھەزرەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ھەزرەت يىگىتنىڭ پەرىشان ھالىغا قاراپ:

— ئەي ئوغلۇم، نېمىگە مۇنچە ئاھ - نالە قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە يىغلاپ، ئۇ ھەزرەتنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، سەرگۈزەشتىنى بايان قىلدى.

— ئەي ئوغلۇم، — دېدى ئۇ قەلبى يورۇق ئۇستاز، — ئەنە، ئاۋۇ كۆرۈنگەن دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر بۇلاق بار. كىشىلەر ئۇنى «چەشمەئى شىفا»(شىپالىق بۇلاق) دەپ ئاتايدۇ. شۇ بۇلاقنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۈچ - تۆت جام سۈنى بۇ تاشقا قۇيغىن. ئىنشائاللا، مۇرادىڭ ھاسىل بولغاي!

ئۇ ھەزرەت شاھزادىگە پاتىھە بېرىپ غايىب بولدى. شاھزادە ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا تۈمەن مىڭ شۈكۈر - سانالار ئېيتىپ، دەرھال بۇلاقنى تېپىپ، ئۈچ جام سۈنى «بەندىكە شىپا» دەپ تاشقا قۇيدى. ئاللاتائالانىڭ كامالەتكە يەتكەن قۇدرىتى بىلەن تاش ھەرىكەتكە كېلىپ، تەڭ ئوتتۇرىدىن يېرىلدى. ئاندىن تاش ئىچىدىن موللا يىگىت ساق - سالامەت چىقىپ ئورنىدىن تۇردى. ئىككىيلەن بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، كۆلۈشۈپ - يىغلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ پايتەخت ئىرانغا راۋان بولدى. ئۇلار شەھەرگە كېلىپ داراب شاھنىڭ ئايىغىغا ئۆزلىرىنى تاشلاپ ئۆزرىلەر سوراشتى. داراب شاھ خۇرسەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بېشىدىن بىر ئاياق ئالتۇن چاچقۇ قىلدى. خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ خالايىققا كۆپتىن - كۆپ ئىنئام - ئېھسانلار ئەيلەپ، شاھانە تاجنى ئۆز قولى بىلەن شاھزادە سەلماننىڭ بېشىغا كىيگۈزدى. شاھزادىمۇ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقبال ئۈزۈكىنى قولىغا سالدى ۋە ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسىدىن پاتىھە ئېلىپ، سەلتەنەت تەختىدىن ئورۇن ئالدى. ئاندىن نەچچە كۈن توي - تاماشا قىلىپ، مەلىكە قەمەرچېھرەنى نىكاھىغا ئالدى. بۇ ئىككى ۋىسال تەشنالىرى مۇرادىنى تېپىپ ئارزۇ ئارمانلىرىغا يېتىشتى. شاھزادە تۆت بۇرادىرىگىمۇ تېگىشلىك مەنسەپ ۋە ھۆكۈمەت ئاتا قىلىپ، ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

ئەلقىسسە، شۇنىڭدىن باشلاپ مەملىكەتنىڭ بارلىق ھاكىمىيەت ئىشلىرى تۆت يارەننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. شاھزادە بولسا ھەمىشە مەلىكە قەمەرچېھرە بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولاتتى. سەرەندىب شاھ بىلەنمۇ نەچچە مەرتەم نامە يوللاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇردى. شاھنىڭ تۇزكور ئىنىسىنىڭمۇ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، ئېھسان قىلىپ، كۆڭلىنى تىندۇرۇپ لايىق دۆلەت - مەنسەپكە ئىگە قىلدى. ئىران مەملىكىتى بۇلارنىڭ دانالىقى ۋە ھۆكۈمەتدارلىقى سەۋەبىدىن كۈنسايىن ئاۋاتلاشتى. ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب (ئاللا توغرىسىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# ئالتۇن تاجلىق خوراز

(چۆچەك)

تولۇقلاپ رەتلىگۈچى: راجەم ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، تېرىق تۇلۇمدىكەن، سىز، بىز بىلمىگەن بىر ئەل بولغانىكەن. ئۇ ئەلنىڭ پادىشاھى تولىمۇ گول ئىكەن. ئۇ پادىشاھ ھىيلىگەر، قارا كۆڭۈل سول قول ۋەزىرى نېمە دېسە شۇنى قىلىدىكەن. شۇڭا، پۇقرالار پادىشاھتىن رازى ئەمەس ئىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ چېتىدە بىر تۇل ئايال بار ئىكەن، ئۇ ئايال بەختى ئىسىملىك ئوغلى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. بەختى تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان، تېجەشلىك ئىكەن، كۈندە جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ ئۈچ تەڭگىگە سېتىپ، بىر تەڭگىگە يېمەك - ئىچمەك ئېلىپ ئاپىسى بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن؛ بىر تەڭگىنى كېيىنكى ياخشى - يامان كۈنلەردە ئىشلىتەرمىز دەپ ئاپىسىغا ساقلاشقا بېرىدىكەن؛ بىر تەڭگىنى ئۆز يۇرتىدىكى ئاجىز، يېتىم - يېسىرلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىدىكەن. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ بەختى 19 ياشقا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ بۇرۇتى خەت تارتىپتۇ. ئۇ كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇپ، قەددى - قامىتى كېلىشكەن بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەختى ئادىتى بويىچە جاڭگالغا ئوتۇن ئالغىلى بېرىپتۇ. ئۇ ئوتۇن كەسلەۋاتقاندا تۇساتتىن ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كېتىپتۇ. بەختى نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇشىغا، يەنە ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يەر - جاھاننى تىترىتىپ چاقماق چېقىپتۇ. چاقماق بىلەن تەڭ بىر نۇر يەرگە چۈشۈپلا ئاق توشقانغا ئايلىنىپتۇ. ئاق توشقان سەكرەپ بەختىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا كەينىگە قاراپ قېچىپتۇ. بەختى يول تاپالماي تۇرغاچقا، توشقاننىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ توشقاننىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ بىر ئورمانلىق ئىچىگە كىرگەندە توشقان كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بەختى ئورمانلىق ئىچىدە يا ئوڭغا، ياكى سولغا مېڭىشنى بىلمەي تۇرغاندا، ئالدى تەرەپتىن خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بەختى: «خوراز بار يەردە ئادەم بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا خوراز يېقىنلا يەردە يەنە چىللاپتۇ. بەختى خورازنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپنى نىشانلاپ مېڭىپتۇ، بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بىر بۇلاق ئۇچراپتۇ. بۇلاق بېشىدا بىر تۈپ چىنار بار ئىكەن. چىنارنىڭ ئۈچى كۆككە تاقاشقان بولۇپ، سايىسى يەتتە پاتمان يەرگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. بەختى بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ تۇرۇشىغا، خوراز يەنە چىللاپتۇ. بۇ نۆۋەت خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاسماندىن ئاڭلىنىپتۇ. بەختى ئاسمانغا قاراپ ھېچنەرسە كۆرەلمەپتۇ. ئۇ بۇنىڭ نېمە ئىش

كىتاب نۇر بېكىتى www.nurkitap.com

ئىكەنلىكىنى، نەگە مېڭىشىنى بىلەلمەي، بۇلاق تۆۋىدە ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، بۇلاق سۈيىگە قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇپتۇ. ئۇ بۇلاقتا چىللاۋاتقان ئالتۇن تاجلىق خورازنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بوپتۇ ـ دە، خورازنى تۇتۇۋېلىشنى ئويلاپ قولىنى بۇلاققا تىققانىكەن، خوراز يوقاپ كېتىپتۇ. بەختى بۇلاقتا كۆرۈنگىنى خورازنىڭ سۇغا چۈشكەن شولىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، چىنارنىڭ ئۈستىگە قاراپتۇ ـ دە، چىنار شېخىدا بۇلاققا تەلمۈرۈپ تۇرغان خورازنى كۆرۈپتۇ. خورازنىڭ پەيلىرى كۈن نۇرىدا پارقىراپ، تاجىسى جۇلالىنىپ تۇرغانىكەن. بەختى تاكى شۇ كۈنگىچە بۇنداق چىرايلىق خورازنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. خورازنىڭ چىرايلىقلىقىدىن بەختى كۆزىنى ئۈزەلمەي: «بۇ خورازنى تۇتۇۋالسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ خورازنىڭ بۇلاق سۈيىگە تەلمۈرۈپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۇ ئىچكىلى چۈشەلمىگەنلىكىنى پەملەپتۇ ـ دە، شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىشنى ئويلاپ، چاققانلىق بىلەن بۇلاق بويىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپتۇ. ئۇ ئوت ـ چۆپ ئارىسىدا خورازنىڭ چۈشۈشىنى كۈتۈپ يېتىپ، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تۇساتتىن: «ئەي ئوغلۇم، تۇر ئورنۇڭدىن، ئۆز بەختىڭنى تاپ!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا، ئالتۇن تاجلىق خوراز بۇلاق بويىغا چۈشۈپ سۇ ئىچمەكچى بولۇپ، بەختى قولىنى ئاستا سوزۇپ، خورازنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋاپتۇ. خوراز قاقاقلىغىنىچە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بەختىمۇ خورازنىڭ پۇتىنى قويۇپ بەرمەپتۇ. خوراز شۇ ئۇچقانچە بەختىنىڭ ئېشىكى ئالدىغا كېلىپ قونۇپتۇ. بەختى خورازنى قەپەزگە سولاپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئاپىسى قارىلىق تۇتۇپ، ھازا ئېچىپ:

— ۋاي جېنىم بالام، ياش كەتتىڭمۇ بالام، چۆل ـ جەزىرىدە نام ـ نىشانسىز كەتتىڭمۇ بالام، — دەپ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. بەختى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

— ئاپا، ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاپىسى بەختىنى كۆرۈپ:

— بالام، بۇ سەنمۇ؟ شۇنچە ۋاقىت نەگە كەتتىڭ؟ ۋاي جېنىم بالام، — دېگىنىچە بەختىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپتۇ.

— ئاپا، مەن كەتكەن چاغقىچە ئوتتۇز كەتكەن چاغقىچە ئۇتۇنغا كەتكەنىدىمغۇ؟ مانا ھازىر قايتىپ كەلدىمغۇ، — دەپتۇ.

— ياق بالام، سەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى بۈگۈن ساق قىرىق كۈن بولدى. سەن شۇنچە ۋاقىت نەلەردە يۈردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەختى ئاپىسىغا:

— ئاپا، مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى بۇنچە ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم. بۈگۈن بىر ئالتۇن تاجلىق خورازنى تۇتۇۋالدىم. خورازنى پادىشاھقا سوۋغا قىلىپ ئېلىپ بارايلى، پادىشاھ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنئام بەرسە، ئۇنى دەسمايە قىلىپ بىر ھۈنەر ئۆگەنسەم، جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇيدىغان ئىشتىن قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشىمىز ياخشىلىنىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

ئاپىسى خورازنىڭ چىرايلىقلىقىغا قاراپ:

— بۇ ھەقىقەتەن پادىشاھقا لايىق خوراز ئىكەن، — دەپتۇ ھەمدە پادىشاھقا تەقدىم قىلىشقا قوشۇلۇپتۇ.

ئەتىسى ئۇلار خورازنى ئېلىپ ئۇدۇل ئوردىغا بېرىپتۇ. ياساۋۇللار ئۇلارنى توسۇۋېلىپ ئوردىغا كىرگىلى قويماپتۇ. بۇ ئىككىسى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ئالتۇن تاجلىق خوراز چىللاپتۇ. خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى پۈتۈن ئوردىنى زىلزىلىگە سېپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

— ئوردىنى تىترەتكۈدەك چىللايدىغان قانداق خوراز ئۇ؟ شۇ خورازنى تېپىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

ئوردا مۇلازىملىرى ئوردا ئالدىغا چىقىپ، بەختى بىلەن ئاپىسىنى كۆرۈپ:

— سىلەر كىم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇلار كېلىش مەقسىتىنى ئېيتقانىكەن، مۇلازىملار ئۇلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ

كىرىپتۇ.

بەختى پادىشاھقا تەزىم قىلىپ:

— پادىشاھى ئالەم، مەن بىر ئالتۇن تاجلىق خوراز تۇتۇۋالغانىدىم، بۇ خورازنى سىلىگە مۇناسىپ كۆرۈپ سوۋغا قىلىشقا ئېلىپ كەلدىم،— دەپ قەپەزنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويغان يوپۇقنى ئاچقانىكەن، شۇ هامان ئوردا ئىچى ۋاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ناهايىتى خۇشال بولۇپ:

— خەزىنىدار، بۇ بالىغا مىڭ تىللا ئىنئام بەرگىن،— دەپتۇ.

سول قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغان بولغاچقا، بەختى خورازنى تەقدىم قىلىشنى ئېيتقاندىلا كۆڭلىگە بىر رەزىللىكنى پۈككەنىكەن. ئۇ پادىشاھقا:

— پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ بىر ئېغىز پىكرىم بار ئىدى،— دەپتۇ. پادىشاھ سول قول ۋەزىرگە:

— قېنى، پىكرىڭىزنى ئېيتىڭ،— دەپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، خەزىنىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، تىللالارنى جانابلىرى سەركەردە - سەرۋازلارنى ئىشقا سېلىپ، پۇقرالارنىڭ ئۈستىگە ئالۋان - ياساق چېچىپ مىڭ تەستە يىغقان، سىلى مەردلىك قىلىپ، بىر خوراز ئۈچۈن مىڭ تىللا ئىنئام بەرسىلە، ئاز كۈندە خەزىنە قۇرۇقدىلىنىپ قالسا، سىلى يۇرتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقىرىدىلا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئالتۇن تاجلىق خورازنى بىر قانىتى ئالتۇن، بىر قانىتى كۈمۈش ئىشىكى بار قەپەستە تۇرمىسا غايىب بولارمىش دەپ ئاڭلىغان. شۇڭا، بۇ بالا ئالتۇن تاجلىق خورازنى تاپالىغانىكەن، ئالتۇن تاجلىق خوراز تۇرىدىغان ئاشۇ قەپەسنىمۇ تاپالايدۇ. ئۇ ئەشۇ قەپەسنى تېپىپ كېلىپ، ئاندىن مىڭ تىللا ئىنئامنى ئېلىپ كەتسۇن،— دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپ، بەختىنى قەپەسنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

ئانا - بالا ئىككىسى ئۆيگە قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ. بەختى قانداق قىلىش توغرىلىق ئانىسىدىن مەسلىهەت سوراپتۇ. ئانىسى:

— بالام، بىز پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىمىزگە باش ئاغرىقى تېپىۋالدۇق. پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ. بالام، ئەگەر پېشانەڭگە پۈتۈلگەن بولسا، سەن ئۇ قەپەسنى چوقۇم تاپالايسەن، تەۋەككۇل قىلىپ ئىزدەپ باققىن، ئاۋۋال غەرب تەرەپكە بېرىپ باققىن،— دەپتۇ.

بەختى ئاپىسى تەييارلاپ بەرگەن توققۇز زاغرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ ئۆشنىسىگە ئارتىپ، بىر قاپاق سۇ ئېلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. لېكىن، ئۇ قەپەسنى نەدىن ئىزدەشنى بىلمەي نىشانسىز يول يۈرۈپتۇ. بەختى شۇ هالەتتە ئادەم ئاياغ باسمىغان چۆل - جەزىرىدە توققۇز كۈن يول يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ خۇرجۇنىدا بىرلا زاغرا قاپتۇ. قاپاقتىكى سۇيىمۇ تۈگەي دەپ قاپتۇ. بەختى قانداق قىلىشنى بىلمەي غەم بىلەن كېتىپ بارسا، ئالدى تەرەپتىن چىنار شېخىنى هاسا قىلىۋالغان، ئاپئاق ساقاللىق خىزىر سۈپەت بىر بوۋاي چىقىپ كەپتۇ. بەختى بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي بەختىنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— بالام، مەن ئاغزىمغا بىر بۇردا نان سالمىغىلى، بىر يۇتۇم سۇ ئالمىغىلى توققۇز كۈن بولدى، ماڭا سۇ بەرسەڭ،— دەپتۇ.

بەختى هېچ ئىككىلەنمەيلا خۇرجۇنىدىكى ئاخىرقى زاغرىسىنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. بوۋاي زاغرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن قاپىقىدىكى سۇنىمۇ بېرىپتۇ. بوۋاي سۇنى ئىچىپ بولۇپ:

— بالام، بۇ جەزىرىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

بەختى سەپەرگە چىقىش مەقسىتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئوغلۇم، سەپىرىڭ خەتەرلىك سەپەر ئىكەن، سېنىڭ مەقسىتىڭگە يېتىشىڭنىڭ يولىنى كۆرسىتەي. سەن مۇشۇ يولنى بويلاپ قىرىق كۈن يول يۈرسەڭ، بىر تاغ باغرىغا يېتىپ بارىسەن، ئاشۇ تاغ باغرىدىكى كەپىدە بىر ياغاچچى تۇرىدۇ، ئۇ ياغاچچى سەن ئىزدىگەن قەپەستىن كۈندە بىرنى ياسايدۇ. لېكىن، قەپەس پۈتكەن هامان بېشى قاتتىق ئاغرىيدۇ، ئۇ ئادەم شۇ باش ئاغرىقى سەۋەبىدىن ئاشۇ يەرگە بېرىپ قالغان، ئۇ

بېشىنىڭ ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قەپەسنى ئۇرۇپ يانجىۋېتىدۇ. ئۇ: «بېشىمنىڭ ئاغرىقىنى كىم توختاتسا، قەپەسنى شۇنىڭغا بېرىمەن» دەپ قەسەم ئىچكەن. لېكىن، ئۇنىڭ باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبىنى ھېلىغىچە ھېچكىم بىلەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بېشى سېھىر ـ جادۇ سەۋەبىدىن ئاغرىيدۇ. سەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، بېشىنىڭ ئاغرىقىنى توختىتىدىغانلىقىڭنى ئېيتساڭ، ياسىغان قەپىسىنى ساڭا بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. قەپەس پۈتۈشكە ئاز قالغاندا، سەن ئۇنىڭ بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرغىن. ئۇ قەپەس ئىشىكىنىڭ ئوڭ قانىتىنى بېكىتكەندە سەن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ كەينىدىكى ئالدىدىكى بۇلاقتىن تۇماقتا سۇ ئالغىن. بۇلاق بېشىدا ئادەمنىڭ قۇرۇپ كەتكەن باش سۆڭىكىدىن يەتتىسى بار. سەن ئوتتۇرىدىكى باش سۆڭىكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا بۇلاق سۈيىنى قاچىلاپ تۇماق بىلەن بىرگە ئېلىپ كىرگىن. ئۇ قەپەس ئىشىكىنىڭ سول قانىتىنى بېكىتىپ بولغان ھامان، تۇماقتىكى سۇغا ئۇ ئولتۇرغان يەردىن بىر ئوچۇم توپا ئېلىپ سېلىپلا، تۇماقنى ئۇنىڭ بېشىغا كەيدۈرۈپ قوي، ئاندىن باش سۆڭىكىدىكى سۇنى ئىچىشنى ئېيتقىن. ئۇ ئادەم سۇنى ئىچسە، شۇ زامان بېشىنىڭ ئاغرىقى توختايدۇ. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئاغرىقى توختىسا، قالغان ياردەمنى ئۆزى قىلىدۇ. لېكىن، بۇ ئىشلارنى بەجا كەلتۈرەلمىسەڭ، ئۇ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. خەير ئوغلۇم، ساڭا ئاق يول تىلەيمەن، ــ دەپ دۇئا قىلىپ غايىب بوپتۇ.

بەختى يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كەچ كىرگەندە ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ. ئۇ «يەيدىغان نەرسە يوق، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ زاغرىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى يېمەكچى بولۇپ خۇرجۇنغا قولىنى سالغىنىكەن، خۇرجۇندىن ھورى كەتمىگەن ئىسسىق قاتلىما چىقىپتۇ. بەختى قاتلىمىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە ئۇچرىغان بوۋاينىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىپتۇ ۋە قاتلىمىنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. قاپاقنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىكەن، شەربەت پۇراپتۇ. ئۇ شەربەتنى ئىچىپ، يولنى داۋام قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بەختى خۇرجۇنغا قاچان قولىنى سالسىلا ئىسسىق قاتلىما چىقىپ تۇرۇپتۇ، قاپىقىدىن شەربەت ئۆكسۈمەپتۇ. ئۇ قىرىق كۈن مېڭىپ بوۋاي ئېيتقان ھېلىقى تاغ باغرىغا يېتىپ بېرىپتۇ. تاغ باغرىدا بىر كەپىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن. بەختى بۇنى كۆرۈپ بوۋاي ئېيتقان كەپىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كەپىگە كىرىپ سالام بېرىپتۇ. ياغاچچى بەختىنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەختى بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ:

— سىزنىڭ باش ئاغرىقىڭىزنى توختىتىپ، قەپەسنى ئالغىلى كەلدىم، — دەپتۇ. ياغاچچى بەختىنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ:

— مەن ساڭا ئۇ قەپەسنى ياساپ بېرىمەن، بىراق بېشىمنىڭ ئاغرىقىنى توختىتالمىساڭ، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپتۇ.

بەختى ماقۇل بوپتۇ. ياغاچچى قەپەسنى ياساشقا كىرىشىپتۇ. بەختى ئۇنىڭ قەپەسنى نېمىدە ياساۋاتقانلىقىنى كۆرمەپتۇ. لېكىن، قەپەس ئاستا ـ ئاستا پۈتۈشكە باشلاپتۇ. قەپەس پۈتۈشكە ئاز قالغاندا، بەختى:

— ئىشلەپ تەرلەپ كەتتىڭ، تۇمىقىڭنى ئېلىۋەتەي، — دەپ، ياغاچچىنىڭ بېشىدىكى تۇماقنى ئېلىۋاپتۇ. ياغاچچى قەپەس ئىشىكىنىڭ ئوڭ قانىتىنى بېكىتكەندە بەختى كەپىدىن چىقىپ، تۇماق بىلەن باش سۆڭىكىگە سۇ ئېلىپ كىرىپ تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. ياغاچچى قەپەسنى پۈتتۈرگەن ھامان بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلارنى تاماملاپتۇ، ياغاچچىغا باش سۆڭەكنى بېرىپ:

— بۇنىڭدىكى سۇنى ئىچسەڭ، بېشىڭنىڭ ئاغرىقى توختايدۇ، — دەپتۇ.

ياغاچچى سۇنى ئىچكەندىن كېيىن، باش ئاغرىقى توختاپتۇ. ياغاچچى بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ:

— سېنىڭ يەنە نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇشۇ قەپەس ئىشىكىنىڭ بىر قانىتىنى

ئالتۇندىن، بىر قانىتىنى كۆمۈشتىن قىلىپ بەرگەن بولساڭ،— دەپتۇ بەختى.

ياغاچچى گەپ قىلماي بەختىنى باشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار تاغنى ئايلىنىپ بىر غارغا كىرىپتۇ. ياغاچچى بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، غارنىڭ بىر تېمىدىن ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئۇ بەختىنى ئىشىكتىن كىرگۈزۈپ:

— سەن مۇشۇ يول بىلەن ماڭساڭ ئالدىڭغا بىر بۇلاق ئۇچرايدۇ، ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ئوڭ - تەتۈر ئاقىدۇ، ئوڭ ئاققاندا قەپەسنىڭ بىر قانىتىنى بۇلاق سۈيىگە چىلىساڭ ئالتۇنغا، تەتۈر ئاققاندا يەنە بىر قانىتىنى چىلىساڭ كۆمۈشكە ئايلىنىدۇ. لېكىن، بۇلاقنىڭ ئوڭ - تەتۈر ئېقىشىغا دىققەت قىلغىن. ئېيتقىنىمنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلساڭ، سەن بۇ يەردىن ئۆيۈڭگە مەڭگۈ كېتەلمەيسەن، مەقسىتىڭ ئەمەلگە ئاشسا، سەن ئۆيۈڭگە ئاسانلا قايتالايسەن،— دەپ يولغا ساپتۇ.

بەختى ياغاچچى بىلەن خوشلىشىپ توققۇز كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئالدىغا بىر بۇلاق ئۇچراپتۇ. بۇلاق بىردە ئوڭ، بىردە تەتۈر ئېقىپ تۇرىدىكەن. بەختى بۇنىڭ دەل ئۆزى ئىزدەۋاتقان بۇلاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھېلىقى كىشىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قەپەسنى بۇلاققا چىلىغانىكەن، قەپەس ئىشىكىنىڭ بىر قانىتى ئالتۇنغا، بىر قانىتى كۆمۈشكە ئايلىنىپ، كۈن نۇرىدا چاقناپ كۆزنى قاماشتۇرۇپتۇ. بەختى بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ئۇ بۇ خۇشاللىقنى ئاپىسىغا يەتكۈزۈشنى ئويلاپ قەدىمىنى تېزلەتكەنىكەن، ئايىغىدىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ كۆزىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۆزىنى ئۆيىنىڭ ئالدىدا كۆرۈپتۇ. بەختى بۇ كارامەتتىن تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ ۋە خۇشاللىقىدا ئۆيىگە كىرىپ ئاپىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاندىن ئاپىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئوردىغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ بەختىنىڭ بىر قانىتى ئالتۇندىن، بىر قانىتى كۆمۈشتىن ئىشىكى بار قەپەسنى تېپىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن تاجلىق خورازنى قەپەسكە سولاپتۇ. ئالتۇن تاجلىق خوراز قەپەسكە كىرىپلا، ئوردىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ چىللاپتۇ. ئالتۇن تاجلىق خوراز چىللىشى بىلەن ئوردىنىڭ ئىچى خۇشپۇراققا تولۇپتۇ. بۇ خۇشپۇراقتىن مەستخۇش بولغان پادىشاھ خۇشاللىقىدا:

— بۇ يىگىتكە ئالتۇن تاجلىق خوراز بىلەن قەپەسنىڭ ھەققىنى قوشۇپ، ئىككى مىڭ تىللا بېرىڭلار! — دەپ ئەمر قىپتۇ. خەزىنىدار تىللا ئېلىپ كېلىشكە ماڭغانىكەن، ھېلىقى قارا نىيەت ۋەزىر ئۆزىنىڭ ئويلاپ تاپقان ھىيلە - مىكرىنى ئاشكارىلاپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئالتۇن تاجلىق خوراز بۇ ئېسىل قەپەستە يالغۇز تۇرسا بولماس، جاھاندىكى ھەممە جانلىق جۈپتى بىلەن يارالغان، شۇڭا بۇ يىگىت ئالتۇن تاجلىق خورازنىڭ جۈپتى بولغان ئالتۇن باشلىق مېكىياننى تېپىپ كېلىپ، ئاندىن ھەققىنى ئالسۇن، — دەپتۇ.

پادىشاھمۇ دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىپ، بەختىنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

بەختى ئۆيىگە روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كېلىپ، بولغان ئىشلارنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاپىسى غەمگە پاتقىنىچە:

— بالام، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىدىن باش تارتقىلى بولمايدۇ. يەنە بىر قېتىم تەۋەككۇل قىلىپ باققىن، بۇ نۆۋەت جەنۇبقا قاراپ يولغا چىق، — دەپ سەپەرگە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بەختى ئاپىسىدىن دۇئا ئېلىپ، خۇرجۇن بىلەن قاپاقنى مۈرىسىگە ئارتىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. يىگىت قورسىقى ئاچسا خۇرجۇنغا قولىنى سالىدىكەن، خۇرجۇندىن ھەر دائىم ئىسسىق قاتلىما چىقىپ تۇرىدىكەن. ئۇسسىغاندا قاپىقىدا شەربەت تولۇپ تۇرىدىكەن. بەختى شۇ ماڭغىنىچە قىرىق كۈن يول يۈرۈپتۇ. يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا كېتىپ بارسا ئالدىغا چاچ - ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. بەختى ئۇ بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي بەختىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ ئادەم بالىسى ئاياغ باسمىغان چۆل - جەزىرىدە نېمە قىلىپ

يۈرسەن؟ يەنە ئالدىڭغا ماڭساڭ دېۋىلەر ماكانىغا كىرىپ قالىسەن. ئۇلار سېزىپ قالسا بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىسەن، كەينىڭگە يانغىن، — دەپتۇ.

بەختى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— مەن ئالتۇن باشلىق مېكىيانىنى تېپىپ قايتمىسام، پادىشاھ قولىدا بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

بوۋاي بەختىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئوغلۇم، سەپىرىڭ خەتەرلىك ئىكەن. سەن ئىزدىگەن مېكىيان دېۋىلەر ماكانىدا بار. سەن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغۇچە تۈرلۈك مۇشكۈلاتلارغا يولۇقىسەن. ئالدىڭغا چاتقاللىق ئۇچرىسا ئۇنىڭ يىلتىزىغا قاپىقىڭدىكى سۇنى قۇيغىن. دەريا ئۇچرىسا سۇ ئالغىن. مەيلى قانداقلا جانلىق ئۇچرىسا رەھىم قىلماي ئۇرۇپ ئۆلتۈرگىن. ئالدىڭغا ئۇچرايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دېۋىلەرنىڭ قورغان قىلتىقى. سەن دېۋىلەر ماكانىغا ئامان - ئېسەن يېتىپ بارالىساڭ، ئاندىن ئىزدىگەن مېكىيانىنى تاپالايسەن. لېكىن، ئۇ مېكىيانغا ئاق دېۋە بىلەن قارا دېۋە كېچە - كۈندۈز نۆۋەتلىشىپ قارايدۇ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش ئاسان ئەمەس. دېۋىلەر قىرىق كۈندە بىر قېتىم ئۇخلايدۇ. ئۇلار ئۇخلاشتىن ئىلگىرى يەر تىترەپ، ئاسمان گۈلدۈرلەيدۇ. سەن دېۋىلەر ئۇخلىغان ھامان، بۇ يوپۇقنى مېكىيان سولانغان قەپەسنىڭ ئۈستىگە ياپساڭ، مېكىيانىنى قولغا چۈشۈرەلەيسەن. يوپۇقنى ياپالمىساڭ، مېكىيان قاقىلداپ دېۋىلەرنى ئويغىتىۋېتىدۇ. دېۋىلەر ئويغىنىپ كەتسە تۈگەشكىنىڭ شۇ. سەن قەپەسنى قولغا چۈشۈرەلىسەڭ، كەينىڭگە قارىماي قاچقىن. كەينىڭدىن ھەرقانداق ئاۋاز ئاڭلانسا قارىمىغىن، قاراپلا قويساڭ دېۋىلەر سېنى تۇتۇۋالىدۇ. سەن توختىماي يەتتە كېچە - كۈندۈز قاچساڭ دېۋىلەر چارچاپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن توختايدۇ. سەن شۇ چاغدا مېكىيانىنى قەپەستىن چىقىرىپ، بويىنىدىن تۇتۇپ ئۇلۇغ - تەتۈر يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇپ يەرگە قويساڭ، مېكىيان شۇ زامان تۇخۇم تۇغىدۇ. سەن شۇ تۇخۇمنى ئېلىپ چاقساڭ، ئىچىدىن يەتتە دانە چۈجە چىقىدۇ. دېۋىلەرنىڭ جېنى ئاشۇ يەتتە چۈجىگە بەند قىلىنغان. سەن ئۇ يەتتە چۈجىنىڭ بىرىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماي ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، دېۋىلەر دەرھال ئۆلىدۇ. ئەگەر چۈجىدىن بىرنى قاچۇرۇپ قويساڭ، بىر دېۋە مىڭغا ئايلىنىپ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ساڭا ئاق يول تىلەيمەن، — دەپتۇ ۋە بىر يوپۇق بېرىپ، دۇئا قىپتۇ.

بەختى بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە قىرىق بىر كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپتۇ. ئەمما، ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ-تۇ. شۇ ھالەتتە خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپتۇ. بەختى كۆزىنى ئاچسا، ئەتراپ يورۇپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا دەھشەتلىك دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا پەيدا بوپتۇ. ئۇ قاپىقىغا دەريادىن سۇ ئالغانىكەن، دەريا دولقۇنلىرى پەسىيىپ ئاستا - ئاستا غايىب بوپتۇ ۋە دەريا ئورنىدا چاتقاللىق پەيدا بولۇپ، ئوت كۆيۈشكە باشلاپتۇ. بەختى شۇ چاغدا بوۋاينىڭ گېپىنى يادىغا ئېلىپ، قاپاقتىكى سۇنى چاتقالنىڭ يىلتىزىغا قۇيغانىكەن، ئوت ئۆچۈپ، چاتقاللار يوقىلىپتۇ. ئۇ ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا يان تەرەپتىن بىراۋنىڭ ھالسىز نالە قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا، بىر تۈپ يۇلغۇن تۈۋىدە چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن نىمجان بىر موماي:

— سۇ، سۇ...، — دەپ قوللىرىنى سوزغىنىچە ياتقىدەك.

بەختى مومايىنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇ مومايغا سۇ بېرىشنى ئويلاپ ئالدىغا ئىككى قەدەم ئالغانىكەن، مومايىنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ، ئېغىز - بۇرنىدىن ئوت يالقۇنجاپ چىقىشقا باشلاپتۇ. بەختى مومايدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ، قولىغا يوغان تاشتىن بىرنى ئېلىپ، قەھرى بىلەن مومايىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپتۇ. موماي دەھشەتلىك چىرقىراپ غايىب بوپتۇ. بەختى يولىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ بىر كۈن ماڭغانىكەن، ئالدىغا تورغا چۈشۈپ قالغان بىر قارچىغا ئۇچراپتۇ. قارچىغا توردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ، پالاقشىپ تۇرغانىكەن. بەختىنىڭ قارچىغىغا ئىچى ئاغرىپ،

ئۇنى توردىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى ئويلاپ ئىككى قەدەم مېڭىشىغا، قارچىغا سول قانىتىنى بىر شىلتىغانىكەن، دەھشەتلىك قارا بوران پەيدا بولۇپ، بەختىنى ئۇچۇرۇپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. شۇ ھامان بەختىنىڭ غەزىپى تېشىپتۇ. ئۇ قارچىغىنىڭ قانىتىنى دەسسەپ تۇرۇپ، بويىنىنى تولغاپ ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. قارچىغىنىڭ بويىنى ئۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ ھاۋا گۈلدۈرلەپ، تۇمان پەيدا بوپتۇ. تۇمان تاراپ كەتكەندە قارچىغىنىڭ ھېچنىمىسى كۆرۈنمەپتۇ.

بەختى يەنە توققۇز كۈن يول يۈرۈپ، دىۋىلەر ماكانىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئېگىزلىكى يەتتە گەز، بىلەكلىرى دەرەخ شېخىدەك توم، كۆزلىرى ئورىدەك، بۇرنى تۇرخۇنىنىڭ مورىسىدەك ئىككى دىۋە ئالتۇن باشلىق مېكىيان سولانغان قەپەسنىڭ يېنىدا مىدىرلىماي تۇرغانىكەن. دىۋىلەرنى كۆرۈپ بەختىنى قورقۇنچ بېسىپتۇ. شۇنداقتىمۇ دىۋىلەرنىڭ ئۇخلايدىغان ۋاقتىنى كۈتۈپ مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ. توققۇز كۈن بولغاندا ئاق دىۋە قارا دىۋىگە:

— مەن ئۇخلاپ قوپقىچە سەن قاراپ تۇر، — دەپتۇ. قارا دىۋە:

— ئالدىنقى قېتىم سەن ئالدىدا ئۇخلىغان، بۇ قېتىم مەن ئالدىدا ئۇخلاي، — دەپتۇ.

ئاق دىۋە قارا دىۋىنىڭ گېپىگە كىرمەپتۇ. قارا دىۋىمۇ ماقۇل دېمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دىۋە ئۇخلاش نۆۋىتىنى تالىشىپ ئۇرۇشۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلار يەتتە كېچە - كۈندۈز ئۇرۇشۇپ، بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. ئاخىر قارا دىۋە:

— بىز بۇنداق ئۇرۇشقىچە ئىككىلىمىز تەڭلا ئۇخلىساق بولمامدۇ؟ — دەپتۇ. ئىككى دىۋە تەڭ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. بەختى يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ، ھېلىقى بوۋاي بەرگەن يوپۇقنى چاققانلىق بىلەن ئالتۇن مېكىيان سولانغان قەپەسنىڭ ئۈستىگە يېپىپلا، قەپەسنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندە دىۋىلەر ئويغىنىپ، قەپەسنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرۈپ، بەختىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ قوغلاشقا باشلاپتۇ. دىۋىلەر بەختىگە يېتىشۋېلىشقا ئاز قالغاندا:

— ئەي ئادەم بالىسى، ئامان قالاي دېسەڭ قولۇڭدىكى قەپەسنى تاشلا، قەپەسنى تاشلىمىساڭ سېنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىمىز، — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

بەختى دىۋىلەرنىڭ ۋارقىرىشىغا پەرۋا قىلماي قېچىپتۇ. دەل يەتتە كۈن بولغاندا دىۋىلەر ھېرىپ توختاپ قاپتۇ. بەختىمۇ توختاپ، قەپەستىن مېكىياننى چىقىرىپ، بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بېشى ئۈستىدە ئوڭ - تەتۈر يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇپ يەرگە قويغانىكەن، مېكىيان ئالتۇندەك پارقىراق بىر دانە تۇخۇم تۇغۇپتۇ. تۇخۇم يەرگە چۈشۈشى بىلەن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، تەرەپ - تەرەپتىن قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، سان - ساناقسىز دىۋىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. بەختى تۇخۇمنى ئېلىپ تاشقا ئۇرغانىكەن، تۇخۇم ئىچىدىن يەتتە چۈجە چىقىپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ. بەختى چاققانلىق بىلەن چۈجىلەرنى تۇتۇۋېلىپ، بويىنىنى بىر - بىرلەپ ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. ھەربىر چۈجىنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندە ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يەر - زېمىن لەرزىگە كەپتۇ، يەتتىنچى چۈجىنىڭ بويىنىنى ئۈزۈشىگە، ئەڭ ئاخىرقى دىۋە بەختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ.

بەختى ئالتۇن باشلىق مېكىياننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن باشلىق مېكىياننى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن خەزىنىدارغا:

— بۇ بالىغا ئۈچ مىڭ تىللا ئىنئام بەر! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

سول قول ۋەزىر خەزىنىدارنى توسۇپ :

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئالتۇن تاجلىق خوراز بىلەن ئالتۇن باشلىق مېكىيان بۇ ئېسىل قەپەستە تۇرغانىكەن، ئۇلارغا ئالتۇن غوللۇق، كۈمۈش شاخلىق، تىللا يوپۇرماقلىق بىر دەرەخ سايە چۈشۈرۈپ تۇرمىسا بولماس، بۇ بالا دەرھال ئاشۇ دەرەخنى تېپىپ كېلىپ، ئاندىن ئۈچ مىڭ تىللا ئىنئامنى ئالسۇن! — دەپتۇ.

پادىشاھمۇ بەختىگە شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. بەختى يەنە ئۆيىگە غەم بىلەن قايتىپتۇ. ئاپىسى بولغان ئىشلارنى بىلىپ، يەنە ئۇنى سەپەرگە ئۈزىتىپ قويۇپتۇ. بەختى نەگە بېرىپ نەدە توختاشنى بىلمەي مېڭىۋېرىپ، بىر

چۆل - جەزىرىگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ يا ئوقىغا، ياكى سولغا مېڭىشنى بىلمەي تۇرغاندا، چاچ - ساقاللىرى ئاپئاق بىر بوۋاي پەيدا بوپتۇ. بەختى ئۇ بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي بەختىنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئېلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، سەن بۇ ئادەم ئاياغ باسمايدىغان چۆل - جەزىرىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەختى بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپ، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. بوۋاي بەختىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— بالام، سەپىرىڭ تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەن، سەن مۇشۇ كۆرۈنگەن تاغدىن ئۆتسەڭ بىر يايلاققا چىقىسەن، يايلاقتا ئالدىڭغا بىر كىيىك ئۇچرايدۇ. سەن شۇ كىيىكنىڭ كەينىدىن تاغدىكى غارغا كىرگىن. كىيىك سول تەرەپتىكى ئىشىككە كىرىپ كېتىدۇ. سەن ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرسەڭ بىر باغقا چىقىسەن. شۇ باغدا سەن ئىزدىگەن دەرەخ بار. بىراق، ئۇ يەر دىۋىلەر ماكانى. سەن ئۇ يەرگە كىرگەندە قورقما، دىۋىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتكىن. دىۋىلەر كېلىپ سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. سەن ئۇلارغا: «ئۆلتۈرسەڭلارمۇ مەيلى، لېكىن كارامىتىمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈڭلار» دېسەڭ، دىۋىلەر: «سېنىڭ نېمە كارامىتىڭ بار؟» دەپ سورايدۇ. سەن: «سىلەر كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىر قازان تاماق تەييار قىلالايمەن» دېگىن. ئۇلار سېنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. سەن ئۇلارغا: «كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار» دېسەڭ ئۇلار كۆزىنى يۇمىدۇ. ئۇلار كۆزىنى يۇمغان هامان سەن بۇ هاسىنى ئۇلارنىڭ قازىنىغا ئۇرۇپ قويساڭ، بىر قازان تاماق تەييار بولىدۇ. ئۇلار تاماقنى يېسە بىهوش بولۇپ ئۇخلاپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرەلەيسەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ جېنى ئۆز تېنىدە ئەمەس. ئاشۇ غاردا بىر قارا ساندۇق بار، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئاق ساندۇق بار. ئاق ساندۇقتا بىر قۇتا تۇز بار. دىۋىلەرنىڭ جېنى ئاشۇ تۇزغا بەند قىلىنغان . قارا ساندۇقنىڭ ئاچقۇچى ئەڭ چوڭ دىۋىنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا. سەن دىۋىلەر ئۇخلاپ قالغاندا سەن ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى ئالساڭ، ساندۇقنى ئاچالايسەن. ئاچقۇچنى ئالالماي ساندۇققا يېقىن بارساڭ، تاشقا ئايلىنىپ قالىسەن. سەن ساندۇقنى ئاچقاندىن كېيىن، قۇتىنى ئېلىپ باغقا چىقىپ، تۇزنى باغدىكى بۇلاق سۈيىگە تۆكۈۋەتسەڭ، دىۋىلەر ئۇخلىغان پېتى جەهەننەمگە سەپەر قىلىدۇ. دىۋىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، بۇلاق بويىدا سەن ئىزدىگەن دەرەخ پەيدا بولىدۇ. سەن بۇ دەرەخنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قولۇڭدىكى قۇتىغا: «مېنى ئۆز يۇرتۇمغا ئېلىپ بار» دەپ ئەمر قىلساڭ، سەن ئۆزۈڭنى پادىشاهنىڭ ئوردىسىدا كۆرىسەن. ئاللا سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي، — دەپ دۇئا قىلىپ، هاسىسىنى بېرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بەختى هاسىسىنى كۆتۈرگىنىچە تاغدىن ئۆتۈپ، بىر يايلاققا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ يايلاقتا بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىغا بىر كىيىك ئۇچراپتۇ. كىيىك بەختىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بەختى كىيىكنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. كىيىك بەختىنى تاغ ئىچىدىكى بىر غارغا باشلاپ كىرىپ، سول تەرەپتىكى ئىشىككە كىرىپ كېتىپتۇ. بەختى بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرگەنىكەن، ئاجايىپ چىرايلىق بىر باغقا چىقىپ قاپتۇ. باغدا تۈرلۈك مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن بولۇپ، قۇشلار توختىماي سايرىشىپ تۇرىدىكەن. بەختى باغنىڭ چىرايلىقلىقىغا هەيران بولۇپ تۇرسا، تۇيۇقسىز قارا بوران چىقىپ، بىر توپ دىۋىلەر پەيدا بوپتۇ. بەختى يوشۇرۇنۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قاپتۇ. هەممىدىن چوڭ بىر دىۋە بەختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سەن نېمە ئادەم؟ بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ بۇ يەرگە ئەجىلى توشقان ئادەم كېلەتتى، سېنىڭ ئەجىلىڭ توشقان بولسا، مۇرادىڭغا يەتكۈزۈپ قوياي، — دەپ بەختىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ.

— مەن بۇ يەرگە ئەجىلىم توشۇپ كەلمىدىم، ئۆز كارامىتىمنى سىلەرگە كۆرسىتىپ قويۇشقا كەلدىم، — دەپتۇ بەختى.



uyghurkitap.com

دىۋە بەختىنىڭ ئىپتىقانلىرىغا ھەيران بولۇپ:

— ئادەم بالىسىنىڭ قولىدىن نېمە كارامەت كېلىدۇ؟ قېنى، كارامىتىڭنى كۆرسەت، كارامىتىڭ مېنى قايىل قىلالمىسا، شۇ ھامان ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ. بەختى:

— مەن ھەرقانداق تاماقنى بۇيرۇساڭلار، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تەييار قىلالايمەن، — دەپتۇ.

دىۋىلەر بەختىنى تاماق تەييار قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. بەختى دىۋىلەرگە:

— كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار، — دەپتۇ. دىۋىلەر كۆزنى يۇمۇشىغا، بەختى قولىدىكى ھاسىنى دىۋىلەرنىڭ قىرىق قۇلاقلىق قازىنىغا ئۇرۇپ قويغانىكەن، شۇ ھامان بىر قازان تاماق تەييار بوپتۇ. دىۋىلەر كۆزىنى ئېچىپ، قازاندىكى مەززىلىك پۇراپ تۇرغان تاماقنى كۆرۈپ، بەختىنى ئۇنتۇپ تاماق يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار قازاندىكى تاماقنى يەپ بولۇپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بەختى ئەڭ چوڭ دىۋىنىڭ ئاغزىنى تەستە ئېچىپ، تىلىنىڭ ئاستىدىكى ئاچقۇچنى ئېلىپ غارغا كىرىپ، قارا ساندۇقنى ئېچىپتۇ. قارا ساندۇق ئىچىدە ئاق ساندۇق بار ئىكەن، ئۇنى ئاچقانىكەن، ئىچىدىن قۇتا چىقىپتۇ. بەختى قۇتىنى ئېلىپ چىقىپ، تۇزنى باغدىكى بۇلاققا تۆككەنىكەن، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يەر ـ جاھان تىترەپ، ئەتراپنى قارا تۇتەك قاپلاپ كېتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن تۇتەك تارقىلىشى بىلەن بۇلاق بويىدا ئالتۇن غوللۇق، كۈمۈش شاخلىق، تىللا ياپراقلىق دەرەخ پەيدا بوپتۇ. بەختى دىۋىلەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ، بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بويىچە دەرەخنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ، ئاندىن قولىدىكى قۇتىغا قاراپ:

— ئەي قۇتا، مېنى ئۆز يۇرتۇمغا ئېلىپ بار، — دېگەنىكەن، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپتۇ. بەختى دەرەخنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە كۆزىنى چىڭ يۇمۇپتۇ، بىر چاغدا كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى پادىشاھ ئوردىسىدا كۆرۈپتۇ. ئالتۇن تاجلىق خوراز بىلەن ئالتۇن باشلىق مېكىيانغا ئالتۇن غوللۇق، كۈمۈش شاخلىق، تىللا ياپراقلىق دەرەخ سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. ئالتۇن تاجلىق خوراز بىر چىللىغانىكەن، پۈتۈن ئوردا ئىچى لەرزىگە كەپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن تاجلىق خورازنىڭ چىللىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەرىمىدىن چىققانىكەن، ئالتۇن غوللۇق، كۈمۈش شاخلىق، تىللا يوپۇرماقلىق دەرەخنىڭ خوراز بىلەن مېكىيانغا سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— خەزىنىدار، بۇ بالىغا تۆت مىڭ تىللا ئىنئام بەر! — دەپتۇ.

پادىشاھ بىلەن بىرگە بۇ خاسىيەتلىك ئالتۇن دەرەخنى تاماشا قىلىۋاتقان سول قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپلا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ھازىر سىلىدە جاھاندىكى ھەممە پادىشاھلاردا يوق ئالتۇن غوللۇق، كۈمۈش شاخلىق، تىللا ياپراقلىق دەرەخ، ئالتۇن تاجلىق خوراز، ئالتۇن باشلىق مېكىيان بار بولدى، شۆھرەتلىرى ئالەمگە تارالدى. بۇ شۆھرەتلىرىگە ئالتۇن چاچلىق مەلىكە قوشۇلغان بولسا، ئالەمدە تەڭداشسىز پادىشاھ بولغان بولاتتىلا، سىلىنىڭ شۇنداق بولغۇلىرى يوقمۇ؟ — دەپتۇ.

— سەن دېگەن ئاشۇ مەلىكە نەدە بار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. سول قول ۋەزىر:

— ئۇ مەلىكە يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ قىزىدۇر، بۇ بالا شۇ مەلىكىنى سىلىگە ئەكېلىپ بېرىپ، ئاندىن ئىنئامىنى ئالسۇن! — دەپتۇ.

پادىشاھ بەختىگە يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئەكېلىپ بېرىشنى ئەمر قىپتۇ.

بەختى پادىشاھنىڭ ئەمرىدىن باش تارتىشقا ئامالسىز بولغاچقا، ماقۇل بوپتۇ، ئۆيىگە بېرىپ، ئاپىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، يەنە پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بەختىنىڭ ئاپىسىمۇ ئامالسىز يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنى ئۇزىتىپتۇ. بەختى سەپەرگە چىقىپ، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى، يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ ماكانىنى نەدىن تېپىشنى بىلەلمەي كېتىپ بارسا بىر بۇلاق ئۇچراپتۇ. بۇلاق بېشىدىكى ئاسمان ـ پەلەك بويى تارتقان چىنار يەتتە پاتمان يەرگە سايە تاشلاپ تۇرغانىكەن. بەختى بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ، سايىدە ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا بۇلاق بېشىغا بىر ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەپتۇ. بەختى ئۇ ئادەمگە سالام بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم بەختنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— سەن كىم؟ بۇ ئادەم بالىسى ئاياغ بېسىپ باقمىغان جايغا نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەختى ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمە ئادەم؟ سەن بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— مەن سىر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى، ئادىتىمىز بويىچە ئۈچيۈز ئاتمىش بەش يىلدا بىر نۆۋەت يەر يۈزىگە چۈشۈپ، تۈنجى ئۇچراتقان ئادەمنىڭ مۈشكۈلاتلىرىنى ئاسان قىلىپ بېرىمىز. مەن ئەنە شۇ ئىشنى بېجىرىشكە چۈشكەن. تۈنجى بولۇپ سەن ئۇچرىدىڭ، تەلىيىڭ بار ئىكەن. ساڭا ياردەم قىلىپ مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىلاي، — دەپتۇ.

ئىككىسى بىللە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. لېكىن، ھېچقايسىسى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە توققۇز كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر كۆل بويىغا يېتىپ كەپتۇ. كۆل بويىدا بىر ئادەم كۆلنىڭ سۈيىنى بىر سۈمۈرۈپ، بىر ياندۇرۇپ ئولتۇرغانىكەن. بەختى بېرىپ ئۇ ئادەمگە سالام بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم بەختىنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ بۇ يەردە نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەختى كەچۈرمىشلىرىنى، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ، ئاندىن:

— سەن كىم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— مەن سۇ پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى، ئادىتىمىز بويىچە ئۈچيۈز ئاتمىش بەش يىلدا بىر نۆۋەت يەر يۈزىگە چىقىپ، مۈشكۈلاتتا ئۇچرىغان ئادەملەرگە ياردەم بېرىمىز. بۈگۈن شۇ ياردەمگە موھتاج ئادەمنى ساقلاپ ئولتۇرغاندىم. سېنىڭ سەپىرىڭ خەتەرلىك سەپەر ئىكەن. مەن سەن بىلەن بىرگە بېرىپ، ۋەزىپەمنى ئادا قىلاي، — دەپتۇ.

بەختى ئۇ ئادەمدىن:

— سېنىڭ نېمە كارامىتىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— مەن پۈتۈن ئالەمدىكى سۇلارنى سۈمۈرۈپ قورسىقىمدا ساقلاپ، ۋاقتى كەلگەندە چىقىرىپ بېرەلەيمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا بىز بىلەن ماڭغىن، — دەپتۇ بەختى.

ئۈچەيلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۆزئارا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماپتۇ، توققۇز كۈن يول يۈرگەندە، ئۇلارغا يەنە بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇ ئادەم بىردە سول قۇلىقىنى يەرگە ياقسا، بىردە ئوڭ قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ ياتقانىكەن. بەختى ئۇ ئادەمگە سالام بېرىپ:

— سەن نېمە ئادەم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ ياتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن خەۋەر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى، ئۇزۇن قۇلاق باتۇر بولىمەن. مەن ئالەمدىكى ھەر قانداق ئاۋازنى ئاڭلاپ، نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرەلەيمەن. بىز ئۈچيۈز ئاتمىش بەش يىلدا بىر نۆۋەت يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئىنسانلارغا ياردەم قىلىمىز. بۈگۈن ئادىتىمىز بويىچە ياردەم بېرىدىغان ۋاقىت كەلگەنىدى. مەن بۇ يەردە سىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشىڭلارنى ئاڭلاپ، ھاجىتى بولسا ياردەم بېرەي، دەپ ساقلاپ تۇرغاندىم. سەن نېمە ئادەم؟ بۇ ئادەملەرنى باشلاپ نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەختى ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ، سەپەرگە چىقىش مەقسىتىنى ئېيتقانىكەن. ئۇ ئادەم:

— سېنىڭ سەپىرىڭ خەتەرلىك ئىكەن. مەنمۇ سەن بىلەن بىللە بېرىپ، ساڭا ياردەم قىلىپ، ۋەزىپەمنى ئادا قىلسام بولغۇدەك، — دەپتۇ.

ئۇلار ئەمدى تۆتەيلەن بولۇپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار يەنە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماستىن، توققۇز كۈن يول يۈرگەندە، ئالدىغا بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇ ئادەم قولىدىكى ئەينەكنى جاھاننىڭ تۆت ئەتراپىغا توغرىلاپ، قاراپ ئولتۇرغانىكەن. بەختى ئۇ ئادەمگە سالام بېرىپ:

— سەن نېمە ئادەم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ

ئۆلتۈرسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ ئادەم بەختىنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— مەن جاھاننى كۆزەتكۈچى پەرىشتىنىڭ خىزمەتچىسى، بۈگۈن ئادىتىمىز بويىچە ئۈچيۈز ئاتمىش بەش يىلدا بىر نۆۋەت يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئىنسانلارغا ياردەم بېرىدىغان ۋاقىت كەلگەنىدى. مەن يەر يۈزىدە كىمنىڭ ياردەمگە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن جاھاننى كۆزىتىپ ئولتۇرغان، سەن كىم؟ بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپتۇ.

بەختى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم بەختىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— سېنىڭ سەپىرىڭ خەتەرلىك ئىكەن. قارىغاندا سەن بۇ سەپەردە مۈشكۈلاتقا يولۇقىدىغان ئوخشايسەن، مەنمۇ ساڭا ياردەم قىلاي، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بەشىلەن يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. توققۇز كۈن يول يۈرگەندە، ئالدىغا يەنە بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇ ئادەم ئىككى پۇتىغا يوغان ئىككى قورام تاشنى تېڭىۋېلىپ، يېڭى ئايىغى چىققان بالىدەك مېڭىۋاتقانىكەن. بەختى بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

— سەن نېمە ئادەم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— مەن شامال پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى، شامالئىلاغ باتۇر بولىمەن. مەن ناھايىتى تېز يۈگۈرگەچكە، ئۆزۈمنى تۇتالماي، دائىم پەللىدىن ئېشىپ كېتىمەن، شۇڭا پۇتۇمغا قورام تاش باغلىۋالدىم. بۈگۈن ئادىتىمىز بويىچە ئۈچيۈز ئاتمىش بەش يىلدا بىر نۆۋەت يەر يۈزىگە چۈشۈپ، ئىنسانلارغا ياردەم بېرىدىغان كۈن ئىدى. مەن شۇ ئىشقا چۈشكەن. سەن كىم؟ بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەختى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ بەرگەنىكەن، ئۇ ئادەم:

— سېنىڭ سەپىرىڭ خەتەرلىك سەپەر ئىكەن. مەن ساڭا ياردەم قىلسام بولغۇدەك، — دەپتۇ.

ئۇلار ئالتە كىشى بولۇپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار توققۇز كۈن يول يۈرگەندە ئالدىغا يەنە بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇ ئادەم ئوڭ قولىدا بىر تاغنى، سول قولىدا بىر تاغنى پىرقىرىتىپ ئويناپ تۇرغانىكەن. بەختى بۇنى كۆرۈپ:

— سەن نېمە ئادەم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— مەن قۇدرەت پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى تاغ يۆتكەر باتۇر بولىمەن. ھەر قانداق تاغنى ئورنىدىن يۆتكىيەلەيمەن. بۈگۈن ئادىتىمىز بويىچە ئۈچيۈز ئاتمىش بەش يىلدا بىر نۆۋەت يەر يۈزىگە چۈشۈپ، ئىنسانلارغا ياردەم بېرىدىغان ۋاقىت بولغاچقا، مەن يەر يۈزىگە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ئىنسانلارغا يادەم بېرىشكە چۈشكەن، سەن كىم؟ بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەختى كەچۈرمىشلىرى ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن، ئۇ ئادەم:

— سېنىڭ سەپىرىڭ خەتەرلىك ئىكەن. مەن ساڭا ياردەم قىلاي، — دەپتۇ.

ئۇلار ئەمدى يەتتەيلەن بولۇپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار يەنە توققۇز كۈن يول يۈرگەندە بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇ ئادەم ھاۋادىن بىر نەرسىنى تۇتقاندەك ھەرىكەت قىلىپ، قولىنى بىر بۆز خالتىغا سېلىپ ئولتۇرغانىكەن. بەختى بۇ ئادەمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي:

— سەن نېمە ئادەم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— مەن جاھاندىكى ھاۋا پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى، دائىم جاھاننىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ تۇرىمەن. بۈگۈن ئادىتىمىز بويىچە ئۈچيۈز ئاتمىش بەش يىلدا بىر نۆۋەت يەر يۈزىگە چۈشۈپ، ئىنسانلارغا ياردەم بېرىدىغان كۈنىمىز ئىدى. مەن يەر يۈزىدە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ئىنسانلارغا ياردەم بېرىشكە چۈشكەن. سەن كىم؟ بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەختى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن، ئۇ ئادەم:

— سېنىڭ سەپىرىڭ خەتەرلىك ئىكەن. مەنمۇ

ساڭا ياردەم قىلاي، ــ دەپتۇ.

ئۇلار ئەمدى سەككىز ئادەم بولۇپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. توققۇز كۈن يول يۈرگەندە، يەنە بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇ ئادەم غۇلاچلاپ ئولتۇرغانىكەن. بەختى ئۇ ئادەمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي:

ــ سەن نېمە ئادەم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

ــ مەن ۋاقىت پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى. مەن ۋاقىت ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ سەپىرىنى ئۇزارتىمەن، قىسقارتىمەن. بۈگۈن ئادىتىمىز بويىچە ئۇچيۈز ئاتمىش بەش يىلدا بىر نۆۋەت يەر يۈزىگە چۈشۈپ، ئىنسانلارغا ياردەم بېرىدىغان كۈنىمىز ئىدى. شۇڭا، مەن يەر يۈزىدە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ئىنسانلارغا ياردەم بېرىشكە چۈشكەن. سەن كىم؟ بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

بەختى بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن، ئۇ ئادەم:

ــ سېنىڭ سەپىرىڭ خەتەرلىك ئىكەن. سەن بۇ سەپەردە خەتەرگە ئۇچرىشىڭ مۇمكىن. مەنمۇ ساڭا ياردەم قىلسام بولغۇدەك. كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار، مەن سىلەرنى ئۆز مەنزىلىڭلارغا دەرھال يەتكۈزۈپ قوياي، ــ دەپتۇ.

ئۇلار كۆزىنى يۇمۇپتۇ ۋە بىردەمدىلا كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۆزلىرىنى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ۋە چىرايلىق بىر ئوردىنىڭ ئالدىدا كۆرۈپتۇ. بەختى بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ:

ــ بىز قەيەرگە كېلىپ قالدۇق؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ۋاقىت پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى:

ــ بۇ يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ ئوردىسى. سىلەر كىرىپ ئۆز مەقسىتىڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇڭلار، ــ دەپتۇ.

شۇ چاغدا ئوردا ياساۋۇللىرى چىقىپ، ئۇلاردىن كېلىش مەقسىتىنى سوراپتۇ. بەختى كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. ياساۋۇللار ئۇلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. يەر ئاستى پادىشاھى بەختىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بىلىپ:

ــ بۇ يەر ئاستى پادىشاھلىقىنى قارا پادىشاھ، ئاق پادىشاھ دەپ ئىككى پادىشاھ سورايمىز. قارا پادىشاھ مېنىڭ دۈشمىنىم. ئۇ ئۆز ئوغلى ئۈچۈن قىزىمغا ئەلچى ئەۋەتكىلى يەتتە يىل بولغانىدى. مەن قىزىمنى دۈشمىنىمگە بەرگۈم كەلمەي تۈرلۈك شەرتلەرنى قويغانىدىم. ئۇ مەن قويغان شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنداپ بولدى. قىزىمنى ئامالسىز ئۆز دۈشمىنىمگە بېرىدىغان بولدۇم. ئەگەر سەن قارا پادىشاھ بىلەن بەسلىشىپ ئۇنى يېڭەلىسەڭ، قىزىمنى سەن ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ. ئەمما، بەسلىشىش شەرتلىرىنى قارا پادىشاھ قويىدۇ، ئۇنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇندىيالمىساڭ ھالاك بولىسەن، ــ دەپتۇ.

بەختى قارا پادىشاھ بىلەن بەسلىشىشكە ماقۇل بوپتۇ. ئاق پادىشاھ بۇ خەۋەرنى قارا پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. قارا پادىشاھمۇ بەسلىشىشكە قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار كىم يېڭىلىپ قالسا قىزنى ئۆتتۈنۈپ بېرىشكە ۋەدىلىشىپتۇ. ئاق پادىشاھ مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. پۈتۈن يەر ئاستى ئادەملىرى تاماشا كۆرۈشكە يىغىلىپتۇ. قارا پادىشاھ مەيدانغا يىغىلغان ئادەملەرگە قاراپ كۆرەڭلىگىنىچە:

ــ بۇ ماكاندا مەن بىلەن بەسلىشىشكە ئادەم چىققانلىقىغا ھەيران قېلىۋاتىمەن. كىم مەن بىلەن بەسلىشىمەن دەيدىكەن، يەتتە مەيدان مۇسابىقىدە بەسلەشسۇن. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، مەن بەسلەشمەيمەن. تۇنجى مەيدان مۇسابىقە چېلىشىش مۇسابىقىسى. بۇلاردىن بىرى چىقىپ، مېنىڭ كۈچتۈڭگۈر پالۋىنىم بىلەن چېلىشىدۇ، ــ دەپ جاكارلاپ، بويىنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە غۇلاچ، بېشى قازاندەك، بۇرنى تۇرخۇندەك بىر دىۋىنى مەيدانغا چۈشۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قۇدرەت پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى مەيدانغا چۈشۈپتۇ. دىۋە ئۇنى كۆرۈپ ھەيۋە بىلەن يېقىن كېلىپ:

ــ بىئەجەل ئۆلۈپ كەتمەي دېسەڭ، يېڭىلگەنلىكىڭنى جاكارلاپ مەيداندىن چىقىپ كەت! ــ دەپتۇ.

قۇدرەت پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى:

ــ سەن ئەسكىلىكىڭدىن ئۆز ماكانىڭغا پاتماي، بۇ يەرگە قېچىپ كېلىپسەن، نېمەڭگە شۇنچە چوڭ گەپ قىلىسەن؟ مەن سېنى ئۆز ماكانىڭغا ئاپىرىپ قوياي، ــ دەپ دىۋىنىڭ

قولىقىدىن تۇتۇپ، چاقپەلەكنى پىرقىراتقاندەك پىرقىرىتىشقا باشلاپتۇ. دىۋىنىڭ نالىسى ئالەمنى بىر ئاپتۇ. ئۇ دىۋىنى پىرقىراتقانچە قويۇپ بەرگەن ئىكەن، دىۋە بوراندا ئۇچقان ياپراقتەك ئۇچقىنىچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

قارا پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ، چېلىشىش مۇسابىقىسىدە يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ:

— ئىككىنچى مەيدان مۇسابىقە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى، بۇلاردىن بىرى چىقىپ مېنىڭ يەلتاپان شاتۇرلىرىم بىلەن يۈگۈرۈشىدۇ. كىم يەڭسە، ئاق پادىشاھنىڭ قىزى شۇنىڭ بولىدۇ، — دەپ جاكارلاپتۇ.

شامال پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى مەيدانغا چۈشۈپتۇ. قارا پادىشاھ مۇسابىقە ئورنىنى يەتتە كۈنلۈك يىراقتىن باشلاشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار باشلىنىش نۇقتىسىغا يېتىپ بېرىشىغا، قارا پادىشاھنىڭ ئادىمى شامال پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسىنىڭ كۆزىگە بىر ئۇچۇم سېھىرلەنگەن قۇمنى چېچىۋېتىپ، ئۆزى يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. شامال پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى كۆزىنى ئاچالماي شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ. يەلتاپان شاتۇر ئالتە كۈن يۈگۈرۈپ قارىسى كۆرۈنگەندە، بەختى ئۆز ھەمراھىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، كۆزەتچى پەرىشتىنىڭ خىزمەتچىسىگە:

— قاراپ باققىن، ئۇ نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ — دەپتۇ.

كۆزەتچى پەرىشتىنىڭ خىزمەتچىسى ئەينىكىگە قاراپ ئۇنىڭ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئۇ تېخى تۇرغان ئورنىدىن تەۋرىمەپتۇ، شۇ يەردە كۆزىنى ئۇۋۇلىغانچە تۇرىدۇ، — دەپتۇ. بەختى سىر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسىگە:

— سەن قاراپ باققىن، ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىن؟ — دەپتۇ. ئۇ قاراپلا:

— قارا پادىشاھنىڭ يەلتاپان شاتۇرى ئۇنىڭ كۆزىگە سېھىرلىك قۇمنى چېچىۋەتكەنىكەن. شۇڭا ئۇ كۆزىنى ئاچالمايۋېتىپتۇ، — دەپتۇ. بەختى ۋاقىت پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسىگە:

— ۋاقىتنى دەرھال كەينىگە سۈر، ئۇ يېتىپ كېلىۋالسا بىز يېڭىلىپ قالىمىز، — دەپتۇ.

ۋاقىت پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى غۇلىچىنى بىر كەرگەن ئىكەن، يەلتاپان شاتۇر يىراقلاپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا سىر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى:

— ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى، بۇ ياققا قاراپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ۋاقىت پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى غۇلىچىنى قويۇپ بەرگەن ئىكەن، يەلتاپان شاتۇر يەنە ئورنىدا كۆرۈنۈپتۇ. بۇ چاغدا شامال پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، يەردىن بىر ئۇچۇم قۇمنى ئېلىپ:

— بۇنىڭ دەردىنى سەنمۇ تارتىپ باققىن، — دەپ، يەلتاپان شاتۇرنىڭ كۆزىگە چېچىپتۇ. يەلتاپان شاتۇر كۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇ پەللىگە يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنى توختىتالماي، تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان ئاق پادىشاھ بىلەن قارا پادىشاھنىڭ تەختىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىپ توختاپتۇ. قارا پادىشاھ يۈگۈرۈشتە يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ:

— ئۈچىنچى قېتىملىق مۇسابىقە سۇ ئىچىش مۇسابىقىسى. بۇلاردىن بىرى چىقىپ، مېنىڭ ھەپسەر قورساق پالۋىنىم بىلەن سۇ ئىچىشتە بەسلەششۇن! ئۇلار مەن ئىچىشكە بۇيرۇغان سۇنى ئىچىپ بولۇپ، مۇشۇ مەيداننى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ چىقالىسا، مۇسابىقىدە ئۇتقان بولىدۇ، — دەپتۇ.

قارا پادىشاھنىڭ ئادەملىرى قىرىق قۇلاقلىق قازاندىن قىرىق بىر قازانغا سۇ ئېلىپ كەپتۇ. قارا پادىشاھنىڭ پالۋىنى دەسلەپتە مەيدانغا چۈشۈپتۇ. بەختى بۇ ئىشتىن گۇمانلىنىپ، سىر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسىگە:

— سەن قاراپ باققىن، بۇ سۇدا گۇمان بارمۇ قانداق؟ — دەپتۇ. سىر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى قازاندىكى سۇلارغا قاراپ چىقىپ:

— ئادەتتىكى سۇ ئىكەن، — دەپتۇ.

قارا پادىشاھنىڭ پالۋىنى قازانغا بېشىنى پاتۇرۇپلا بىر سۈمۈرۈپ، بىر قازاننىڭ سۈيىنى ئىچىپ، قىرىق بىر قېتىمدا قىرىق بىر قازاننىڭ سۈيىنى ئىچىپ بولۇپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

سۇ پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى مەيدانغا

چۈشۈپتۇ. قازانلارغا قايتا سۇ قاچىلىنىپتۇ. سىر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى قازاندىكى سۇغا قاراپ چىقىپ:

— بۇ سېھىرلەنگەن سۇ ئىكەن، بۇ سۇ ئىچكەنچە كۆپىيىدۇ، — دەپتۇ. سۇ پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى بۇ ئىشنى بىلىپ:

— مەن دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىپ بېرەي، — دەپتۇ ھەم دەريانىڭ سۈيىنى بىر سۈمۈرگەن ئىكەن. ئېقىۋاتقان دەريا قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ. قارا پادىشاھ يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ:

— تۆتىنچى قېتىملىق مۇسابىقە مۆكىمۆكىلەڭ. مەن يوشۇرۇنىمەن. سىلەر ئۈچ كۈن ئىچىدە مېنى يوشۇرۇنغان ئورنۇمدىن تاپالىساڭلار، يەڭگەن بولىسىلەر، — دەپتۇ ـ دە، ئۇلارنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتچى پەرىشتىنىڭ خىزمەتچىسى بىرمۇبىر كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. قارا پادىشاھنىڭ يوشۇرۇنۇپ بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كېلىشىگە، ئاق پادىشاھ ئۇلارنى سولاپ قويغان ئۆيدىن چىقىرىپتۇ. ئۇلار ئۆيدىن چىقىشىغا خەۋەر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ:

— بۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقتا، يەر تېگىدىن ئۇلارنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىزدىن قانداق قۇتۇلۇش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. كۆزەتچى پەرىشتىنىڭ خىزمەتچىسى:

— ئۇلار ئۈچ قەۋەتلىك گەمىگە يوشۇرۇنۇپتۇ. بىرىنچى قەۋەتتە پادىشاھنىڭ ئوغلى دوستلىرى بىلەن ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىككىنچى قەۋەتتە پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى پادىشاھنى بىر ـ بىرىدىن كۈنلەپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۈچىنچى قەۋەتتە قارا پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن بىزنى يېڭىش ھەققىدە كېڭەش ـ مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ۋاقىت پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى دەرھال ۋاقىتنى قىسقارتىپ، ئۇلارنى قارا پادىشاھ يوشۇرۇنغان يەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. سىر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى قارا پادىشاھ يوشۇرۇنغان يەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. قارا پادىشاھ بۇلارنى كۆرۈپ:

— سىلەر شۇنچە يىراق يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەختى قارا پادىشاھقا:

— بىزنىڭ قانداق تېپىپ كەلگىنىمىزنى سورىما، ئۆزۈڭنىڭ يېڭىلگەنلىكىڭنى ئېيت، — دەپ قارا پادىشاھنىڭ يەر ئاستى گەمىدە قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قارا پادىشاھ بەختىنىڭ سۆزىگە گەپ تېپىپ بېرەلمەي، يېڭىلگەنلىكىگە قايىل بولۇپ:

— بەشىنچى قېتىملىق مۇسابىقە، يەنە يوشۇرۇنغان ئادەمنى تېپىش. بۇ قېتىم سىلەر ئاق پادىشاھنىڭ قىزىنى يوشۇرۇنغان يېرىدىن تېپىڭلار، — دەپتۇ.

ئۇلار ئاق پادىشاھنىڭ قىزىنى يوشۇرۇشقا ئۈچ كۈن تەييارلىق قىپتۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن قىزنى تېپىشقا بۇيرۇپتۇ. بەختىنىڭ ھەمراھلىرى ئۆزلىرىنىڭ كارامەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، مەلىكىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئاخىر سىر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى:

— مەلىكە ئاق پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ يەتمىش غۇلاچ ئاستىدىكى خاس خانىسىدا ئىكەن، — دەپتۇ. كۆزەتكۈچى پەرىشتىنىڭ خىزمەتچىسى:

— مەلىكە كەشتە توقۇپ ئولتۇرۇپتۇ، — دەپتۇ. خەۋەر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ:

— شۇ تاپتا مەلىكىنىڭ يېڭىنىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ كېنىزەكلىرىگە تېپىشنى بۇيرۇغانىدى، كېنىزەكلەر تاپالمىدى. شۇڭا مەلىكە خاپا بولۇپ كېنىزەكلىرىگە كايىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

قارا پادىشاھ يەنە يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپ:

— مەن مۇسابىقىگە تەييارلىق قىلىمەن دەپ كۆپ چارچىدىم، سىلەرمۇ چارچىدىڭلار. مەن يەنە تەييارلىق قىلىۋالغۇچە ئۈچ كۈن ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار، — دەپتۇ.

ئۇلار ماقۇل بوپتۇ. قارا پادىشاھ بۇ نۆۋەت تۆمۈردىن ئۆي ياساشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ ئۈچ كۈندە ئېگىزلىكى يەتتە غۇلاچ، كەڭلىكى ئوتتۇز غۇلاچ تۆمۈر ئۆينى پۈتتۈرۈپتۇ. ئاندىن بەختىگە:

— ئالتىنچى قېتىملىق مۇسابىقە تۆمۈر ئۆيدە تۈنەش. سىلەر مۇشۇ تۆمۈر ئۆينىڭ ئىچىدە يەتتە

كېچە - كۈندۈز يېتىپ، ساق - سالامەت چىقساڭلار مۇسابىقىدە سىلەر ئۇتقان بولىسىلەر، بۇ ئۆينىڭ ئىچىدىن ساق - سالامەت چىقالمىساڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ پېشانىسىدىن كۆرۈڭلار، — دەپتۇ.

بەختى ھەمراھلىرى بىلەن تۆمۈر ئۆيگە كىرىپتۇ. قارا پادىشاھ شۇ ھامان تۆمۈر ئۆينىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقاپ، ھەممە ئادەملىرىنى يىغىپ، تۆمۈر ئۆينىڭ ئەتراپىغا ئوتۇن دۆۋىلەشنى بۇيرۇپتۇ. قارا پادىشاھنىڭ ئادەملىرى تۆمۈر ئۆينىڭ ئەتراپىغا بىر كېچە - كۈندۈز ئوتۇن يىغىپ، تاغدەك ئوتۇن دۆۋىلەپتۇ. كۆزەتكۈچى پەرىشتىنىڭ خىزمەتچىسى تۆمۈر ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، سىرتتا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى ھەمراھلىرىغا ئېيتىپتۇ:

— بۇلارنىڭ نىيىتى ياماندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭغا قارشى بىر تەدبىر قوللىنايلى، — دەپتۇ. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى:

— بىز ۋەدىمىزدە تۇرمىساق بولمايدۇ، قېنى، قاراپ باقايلى، قانداق قىلىدىكىن؟ — دېيىشىپتۇ.

قارا پادىشاھ تۆمۈر ئۆينىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان ئوتۇنلارغا يەتمىش كۈپ ماي قۇيۇپ ئوت يېقىپتۇ. ئوت تۇتىشىپ تۆمۈر ئۆينىڭ ئىچى قىزىشقا باشلاپتۇ. سۇ پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئېغىزىدىكى سۇنى چىقارغانىكەن، تۆمۈر ئۆينىڭ ئىچى مۇزلاپتۇ. ئوت كۆيۈپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز بولغاندا ئالەمنى بىر ئاپتۇ. ئۆي ئىچىدىكى سۇ قايناشقا باشلاپتۇ. بەختى بارغانسېرى بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ. ھاۋا پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىكەن، سوغۇق تاراپ ئۆينىڭ ئىچى مۇزلاپ ھەممەيلەن راھەتلىنىپ قاپتۇ. يەتتە كۈن توشقاندا قارا پادىشاھ تۆمۈر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا ئەمر قىپتۇ. ئىشىك ئېچىلغان ھامان ئۆي ئىچىدىكى سۇ ئۆركەشلەپ چىقىپ، قارا پادىشاھنىڭ بىرمۇنچە ئادەملىرىنى سۇغا غەرق قىلىۋېتىپتۇ. قارا پادىشاھ بۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىپ، مۇسابىقىدە يەنە يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپتۇ:

— ئاخىرقى قېتىملىق مۇسابىقە، — دەپتۇ قارا پادىشاھ يەنە، — ئاق پادىشاھنىڭ قىزىنى قىرىق بىر قىز ئىچىدىن ئايرىپ چىقىش. مەن ئاق پادىشاھنىڭ قىزىنى ئوخشاش قىرىق بىر قىزنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويىمەن. بىر قېتىمدىلا شۇ قىزلار ئارىسىدىن ئاق پادىشاھنىڭ قىزىنى تاپالمىساڭلار، مۇسابىقىدە يەڭگەن بولىسىلەر، تاپالمىساڭلار يېڭىلگەن بولىسىلەر.

بەختى ماقۇل بوپتۇ. قارا پادىشاھ قىرىق بىر قىزنى ئەكېلىپ، ئۇلارنى ئوخشاش كىيىندۈرۈپ، ئوخشاش چۈمبەلنى ئارتىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. كۆزەتكۈچى پەرىشتىنىڭ خىزمەتچىسى چۈمبەل ئىچىدىكى قىزلارغا قاراپ چىقىپ:

— چۈمبەل ئىچىدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى سېھىرلەنگەنىكەن، چىرايى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. بۇ ھالەتتە ئاق پادىشاھنىڭ قىزىنى تېپىش مۇمكىن بولمىغۇدەك، — دەپتۇ. سىر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى قىزلارنى كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن:

— سېھىر قىزلارنىڭ چۈمبىلىدە ئىكەن. قارا پادىشاھقا تۇيدۇرماي قىزلارنىڭ چۈمبىلىنى قايرىۋەتسەكلا، ئاق پادىشاھنىڭ قىزىنى تاپقىلى بولغۇدەك، — دەپتۇ.

شامال پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى:

— مەن شامال چىقىرىپ قىزلارنىڭ چۈمبىلىنى ئۇچۇرۇپ كەتسەم بولىدۇ. ئەمما، بۇنداق قىلساق ئىش بۇزۇلىدۇ. مەن شامال چىقىرىپ چۈمبەلنى قايرىسام، چۈمبەل شۇ ھالەتتە بىردەملا تۇرغان بولسا ئىش پۈتەتتى، — دەپتۇ. قۇدرەت پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى:

— چۈمبەل قايرىلغاندا مەن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ بىردەم ئوچۇق ھالەتتە تۇرغۇزاي، — دەپتۇ.

شامال پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى قارا پادىشاھقا تۇيدۇرماي شامال چىقىرىپ، قىزلارنىڭ چۈمبىلىنى قايرىپتۇ. قۇدرەت پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى قىزلارنىڭ چۈمبىلىنى بىردەم قايرىلغان ھالەتتە ساقلاپتۇ. كۆزەتكۈچى پەرىشتىنىڭ خىزمەتچىسى كۆزىتىپ، مەلىكىنى تېپىپ چىقىپتۇ. سىر پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى مەلىكىنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىگە قاراپ تۇرۇپتۇ. بەختى ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن قىرىق بىر قىز ئىچىدىن ئاق پادىشاھنىڭ ئالتۇن چاچلىق قىزىنى تېپىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چىقىپتۇ. قارا پادىشاھ مۇسابىقىدە يېڭىلگەنلىكىنى جاكارلاپ، ئاق پادىشاھنىڭ ماكانىغا قايتا ئاياغ باسماسلىققا ۋەدە بېرىپ، ئۆز ماكانىغا قايتىپتۇ.

ئاق پادىشاھ كاتتا داستىخان سېلىپ بەختى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى يەتتە كۈن مېھمان قىلىپ، قىزىنى قوشۇپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ۋاقىت پەرىشتىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئۇلارنى ئۆزى ئۇچراشقان يەرگە ئەكېلىپ قويۇپ خوشلىشىپتۇ. باشقىلارمۇ بەختى بىلەن ئۇچراشقان يەردە خوشلىشىپ ئايرىلىپتۇ. بەختى ئالتۇن چاچلىق مەلىكە بىلەن مېڭىپ شەھەرگە كىرىشكە بىر كۈنلۈك يول قالغاندا، ئالتۇن چاچلىق مەلىكە:

— سىز ئاۋۋال شەھەرگە كىرىپ، مېنى ئېلىپ كەلگەنلىكىڭىزنى پادىشاھقا ئېيتىڭ، — دەپتۇ.

بەختى شەھەرگە كىرىپ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقتا ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ئالتۇن چاچلىق مەلىكىنى كۆرۈشكە يۈگۈرۈپتۇ. سول قول ۋەزىر بەختىنىڭ بۇ ئىشنىمۇ پۈتتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى بىراقلا كۆزدىن يوقىتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، يەنە بىر ھىيلە ئويلاپ تېپىپتۇ ـ دە، پۈتۈن شەھەر پۇقرالىرىنى شەھەر مەركىزىگە ئوتۇن توپلاشقا ئەمر قىپتۇ. شەھەر پۇقرالىرى شەھەر مەركىزىگە تاغدەك ئوتۇن توپلاپ بولۇشىغا، پادىشاھ ئالتۇن چاچ مەلىكە بىلەن بەختىنى باشلاپ شەھەرگە كىرىپتۇ ـ دە، تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئوتۇننى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ.

— بۇ نېمە ئىش؟! — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

سول قول ۋەزىر:

— بەختى دېگەن بۇ بالىنىڭ جاھاندا قىلالمايدىغان ئىشى يوقكەن. ئەگەر ئۇنى شۇنداق قويۇۋەتسەك كېيىن بېشىمىزغا بالا بولغۇدەك. ئۇنى مۇشۇ ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ ئوت قويايلى. ئۇ قۇتۇلالىسا، ئالدىغان ئىنئامىنى ئېلىپ كەتسۇن، قۇتۇلالمىسا ئۇنىڭ جاجىسى شۇ بولسۇن، — دەپ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

پادىشاھمۇ سول قول ۋەزىرنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، بەختىنى ئوتۇن ئۈستىگە چىقىپ، ئوت ئىچىدىن قۇتۇلۇشقا ئەمر قىپتۇ. بەختى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پادىشاھنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي ئالتۇن چاچلىق مەلىكىگە قاراپتۇ، ئالتۇن چاچلىق مەلىكە بەختىگە:

— سىز خاتىرجەم ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ، پېشانىڭىزگە پۈتۈلگەننى كۆرۈڭ، — دەپتۇ.

بەختى ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. سول قول ۋەزىر توپلانغان ئوتۇنغا يەتمىش كۈپ ماي قۇيۇپ، ئوت يېقىپتۇ. ئوت يالقۇنى ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرۈلۈپتۇ، يەتتە كۈن كۆيگەندىن كېيىن، ھاۋا گۇلدۇرلەپ، دەھشەتلىك چاقماق چېقىپ ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كېتىپتۇ. ئەتراپتىن قىيا ـ چىيا ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ، جاھان يورۇپتۇ. بەختى ئۆزىنى ئالتۇن چاچ مەلىكىنىڭ يېنىدا كۆرۈپتۇ. كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ نالە ـ زارى ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. ئالتۇن چاچلىق مەلىكە ئەتراپتىكى كىشىلەرگە:

— پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئادالەتنى ئۇنتۇپ، باشقىلارغا يامانلىق قىلىش قەستىدە بولدى. ئاقىۋەت قىلغانلىرى ئۆزلىرىگە يېنىپ، كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. پادىشاھنىڭ ئورنىغا بەختى پادىشاھ بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ خانىشى ھەم ئوڭ قول ۋەزىرى بولىمەن، — دەپ جاكارلاپتۇ.

كىشىلەر بۇ خۇشاللىقتا تەنتەنە قىلىشىپ، ئۇلارغا قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. تويدىن كېيىن بەختى تەختكە ئولتۇرۇپ، ئۆزى تېپىپ كەلگەن ھېلىقى تىللا يوپۇرماقلىق دەرەختىن تۆكۈلگەن تىللالارنى كىشىلەرگە تارقىتىپ، يۇرتنى ئادىل سوراپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرى توغاننىڭ كارىزىدىن ئىسمائىل تاھىر)
(رەتلىگۈچى تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىدا)



# لوپنۇر قوشاقلىرى

توپلاپ رەتلىگۈچى: مويدىن سايىت بوستان

## تارىخىي ـ ئىجتىمائىي قوشاقلار

تۆۋەندىكى توققۇز كۇپلېت قوشاق، ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ دېيىشىچە، ئاشلىق ئالۋىڭى يىغقىلى چىققان مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا قارىتىپ توقۇلغان.

ــ توپلاپ رەتلىگۈچىدىن

ئاڭىزنى چارلاپ چىقتى،
داڭزا① تۈتۈپ قولۇغا.
بىزگە ئۇۋال قىلغانىنىڭ
يولبارس تۇرسۇن يولۇغا.

تىل تۇتار تۇمارىنى
ئاسىۋالسۇن بوينۇغا.
كىچەسى ئۇخلاغاندا،
ئازرائىل كىر قوينۇغا.
ئازرائىل كىر قوينۇغا،
كىسەل سالىپ باشىغا.
ئۇزۇمنۇ تىۋىپ قىلىپ،
باراي دەيمەن قاشىغا.
بۇ ئۇۋالچى چاچلىقنىڭ②
كۈچۈل سالاي ئاشىغا.

كۈچۈلادىن قورقساڭلار،
جادۇ③ قىلىڭلار ياستىققا④.
ئىسلامدا ھەر نىمە بار⑤،
ئۇۋال بولماس چاچلىققا.
بىزگە زورلۇق قىلدىلار،
ئاتلىق كىرىپ ئاشلىققا.

ئىككى مىڭ كۈرە ئاشلىققى
خەتلەۋاپتۇ داڭزىغا.
قاراپ قالدى كۈزلەكچى،
سەركار بەگنى ئاغزىغا.
بىزگە زار ئۇۋال قىلىپ،
باسىپ ئۈرار باڭزىغا.

ئالىم ئاخۇنۇم بولسا،
گەپكە توغرا تۇرار ئىدى.
كۈچۈلا بىرۇر بولساڭ،
ئۈمۈرلۈك قۇرار ئىدى.
چاچلىقنى زورلۇقىدىن
يۇرتمۇ قۇتۇلار ئىدى.

كەتتى ئاڭىزنى چۆرۈلۈپ،
غودۇرانى⑥ قويما سۇغا.
قارالاشىپ يۇرۇر بولسا،
يۇرت قالار قايغۇسۇغا.
ھالالى يوق جانىنىڭ،

① داڭزا ــ خەت ـ ئالاقە، ئۇقتۇرۇش.
② چاچلىق ــ مانجۇ ئەسكەر ئەمەلدارلىرى.
③ جادۇ ــ سېھىر.
④ ياستىق ــ ياستۇق.
⑤ ئىسلامدا ھەر نىمە بار ــ ئىسلام شەرىئىتىدە، ئۆزىنى ئاقلاشنىڭ يەنە تېۋالىرى جىق، دېگەن مەنىدە.
⑥ غودۇرا ــ جاي نامى.

هارام قوش ئۈيقۇسۇغا

كەلگەلى بىر ئاي بولدۇ،
كۆنۈگە ئۈچ قوي يېدى.
ئاچ قالغانمۇ ئۆيۈدە،
بىرچە① تويدۇم دېمەدى.
ئاپەتى بىزگە بولۇر،
ئۆۋالىنى بىلمەدى.

نەدىن پوتۇپ ئالغاندۇ،
كۆزلەكنى يايلاقىنى.
لوپنۇڭ ئۆشۈراسىغا②
مىنىپ كەلگەن تايلاقىنى
ئىچكىرىدىن ياساپ كېلۇر،
لوپقا ئاتاپ تاياقىنى.
ئورنۇنۇ ئوبدان ياساپ③،

مازارغا قىل ئاياغنى.'

سەركار بەگىم ئۇسادى،
قاۋۇن پىچىڭلار ئاسىغداپ④،
پىچىڭلار تاتلىقىنى،
ئىچىگە ئاغۇ چايقاپ⑤.
چوڭقۇر كولاپ كۆمۈڭلار،
كەتمەسۇن ساسىق تاراپ.

* * *

تۆۋەندىكى تۆت كۆپلېت قوشاق تەخمىنەن 200 يىللار ئىلگىرى بىرقانچە ئون ئىشچىسى بار كۆن - چەم كارخانىسىدا بىر پارچە كۆن يوقاپ كەتكەندە، كارخانا ئىگىسى بىر بالا ئىشچىغا «سەن ئېلىۋالدىڭ» دەپ تۆھمەت قىلغاندا، تۆھمەتلەنگەن بالا ئىشچى تەرىپىدىن توقۇلغان.

مەن جانىمنى ئاياماي،
تۆكسەم بۇندا قانىمنى.
پىچاقتا بوغۇزلاڭلار،
قىيناماڭلار جانىمنى
جانىم چىقار ئوخشايدۇ،
كىم ئاڭلايدۇ ھالىمنى.

ئۆلتاڭنى ئالدى دېمە،
خالايىق قىلۇر چەمە⑥.

پىچاق كەسەلمەس كۆننى
ئادەمنى يەيدۇ دېمە.
بارار يەرىم بولماسا،
مەن كۆننى قىلاي نېمە؟

تۆھمەت قىلىپ باي ماڭا،
ئوغرى قىلدى قاراغا⑦.
قوشلاپ ئاچچىق دەرد قوشتى،
ئىچىمدەكى ياراغا.

گۇۋالىقتا قويدۇم مەن،
خۇدايىمنى ئاراغا.

باي ئاتامغۇ ئۇناماي،
بېرىپسىلەر چوقا پوشكال⑧.
بىر ئوتلام سوغ سۇ بەرمەي،
ماڭا قىلدىڭلار ئۇۋال.
بوغۇزۇم قورۇپ قالدى،
بولماسۇن ماڭا زۇۋال.

* * *

«خادا دۆڭ هاشار قوشىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قوشاقلار غوداينىڭ يۇقىرىسى، شايار توقىيىنىڭ ئارىلىقىدىكى كۆك يۇلغۇن — ساۋۇت سالتاڭ كېمىسى دېگەن جايدا قىيقى دەرياسىنى چېپىش هاشىرىغا قاتناشقان هاشارچىلار تەرىپىدىن توقۇلغان. ئېيتىپ بەرگۈچى قوشاقنىڭ توقۇلغان ۋاقتىنى ئېنىق ئەسلىيەلمىگەن بولسىمۇ، بەزى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ قوشاقنىڭ شەكىل شەيىنىڭ تېخى «ئىلغار»لىق نىقابىدىكى چېغىدا توقۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

يەنە هاشار چىقىپتۇ،
خادا دۆڭ دېگەن يەردە.
ماڭغۇدەكمىز ھايدالىپ،

ئۆگۈنلۈككە سەھەردە.
تەندىن بۆلەك نېمە بار،
ئىشلەمچى بىزدەكلەردە.

بايلارنىڭ پۇل، مالى بار،
پۇل، مال بېرىپ قۇتۇلار.

① بىرچە — بىرەر قېتىم.
② ئۆشۈرا — ئۆشرە - زاكات؛ ئالۋاڭ - سېلىق، ياساق
③ بۇ مىسرادا ئۇنى كۆمىدىغان جاينى ئوبدان تاللاڭلار، دېمەكچى.
④ ئاسىغ — مېھمان، ئاسىغداپ — مېھمان قىلىپ.
⑤ ئىچىگە ئاغۇ چايقاپ — قوغۇننىڭ ئىچىگە ئوغا - زەھەر سېلىپ، چايقاپ دېمەكچى.
⑥ چەمە — گەپ - چەم، ئاياغنىڭ چەمى.
⑦ قاراغا — قارىسىغا.
⑧ چوقا پوشكال — كۆمەچ (چوغ - قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرغان نان).

كەمبەغەلگە زامان تار،
نەگە بارسا تۇتۇلار.
ئىشلەگەنگە خارلىنىپ،
يۈرەك ـ باغرى پۇچۇلار.

ئەجەپما يىراق ئىكەن،
بىزنىڭ يۇرتىمىز سالدام①.
خادا دۆڭگە بارغىچە،
بوشاپ قالادۇ خالتام②.
ھاشارغا باش بولغانلار،
قىلماسمۇ بىزگە ئالدام.

ئەتۇر ئىكەن ئەجەپما،
بۇ زاماننىڭ قىسمىتى.
ھايۋانچىلىك يوق ئىكەن،
ئىشلەمچىنىڭ قىممىتى③.
باي بىر ۋاقلىق بەرگەنگە
تاغدىن ئېغىر مىننىتى.

بىز ئىشلەيمىز ياز بويۇ،
كەلمەي جاڭگال، ئوتلاقتىن.
باي ئۆيۈدە ياتىپ يەر،
بىز ئازاپتا قورساقتىن.
ھاشارغىمۇ بىز ماڭدۇق،
بايلار چىقماي قوچاقتىن④.

خېلى ئوبدان سورادى،
لوپنۇردا بىزنى شەنجاڭ.
ۋاڭ كوجاڭنىڭ خودىسى،
غوپۇر ئەپەندى دۇيجاڭ.
بىز بارالى ھاشارغا،
باشچى بولدى ھېيت سوڭجاڭ.

قىيىن ئىكەن ئەجەپما،
بۇ قىيىنقىنىڭ ھاشارى.
شالاڭلادى ئاز كۈندە،
ھاشارچىلار قاتارى.
ئاغرىقلارغا قوش كەلدى،
باشلىقلارنىڭ ئازارى.

جانىمىزنى ئاز قويدى،
يېگەن تاياق، دەررىمىز.
يۇرتىمىزغا قايتۇرسۇن،
باش دۆبېگى، ئەرزىمىز.
ئوتتۇز كۈيدىن توختاپتۇ
نان يېگەنگە قەرزىمىز.

تۇردى بەنجاڭ تىللاما،
ئايۇپ دۇيجاڭ باڭلاسۇن⑤.
گۇناھ بولسا مېنىڭدە،
ۋاڭ كوجاڭغە بىڭلاسۇن⑥.
ھاشارچىنى دەردىنى
شىن دۆبىنى ئاڭلاسۇن.

ئۇچۇپ كەلگەن قاغىلار،
قونۇدىكەن تېرەككە.
لەڭچى باللا يىغلايدۇ،
ئۆلۈپ قالغان ئېشەككە.
كالتەك، قامچىسى تەگدى،
گۆشتىن ئۆتۈپ يۈرەككە.

ئاياقتا چامغا چۈشتۇم،
قاپىرىپ كەتتى قولۇم.
ئىتتىك چاپ دەپ قىستايدۇ،
باشىمدا بۇللا⑦تولۇم.
ئالتە پۇلدۇن چىقىپتۇ،
مۇكاپاتى سەي پۇلۇم.

ھاشارچىدىن ھال سوراپ،
غوپۇر ئەپەندى كەلدى.
مۇكاپاتقا ھېسابلاپ
ئىككى جىڭدىن ئاش بەردى.
چىداغىلى بولمايدۇ،
يېرىلغان قولنۇ دەردى.

ياخشى باھادا ئۆتتى،
لوپنۇرلۇقلار چاپقان يەر.
ئىنجۇ⑧، باشلىقلار ماختاپ،
بىزنى ياخشى، باتۇر دەر.
قېنى ئىنجۇ، باشلىقلار،
بىزگە مۇكاپاتنى بەر.

كۆردۈڭلارمۇ بۇگۈرلۈك،
كەتمەن چاپقان قوللارنى.
ئاش يېمەي كەلدىڭلارمۇ،
چالا تاشلاپ سوللارنى.
قاراڭلار بىز تۈگەتتۇق،
چامدىن باشقا يوللارنى.

ئىنجۇلار كۆپ ئۇچۇرۇپ،
ئىمىنىنىڭ پەرىسىنى.
ئاقمۇناقما⑨كېسىپتۇ،
ئېشەكنى تېرىسىنى.
ئەرز ـ داد يېزىپ بارالى،
ھاشارنى نامىسىنى.

---

① سالدام ــ جاي نامى.
② بۇ مىسرادا، ئېلىنۋالغان ئوزۇقۇم تۈگەيدۇ، دېمەكچى.
③ ئىشلەمچى ــ ئەمگەكچى.
④ بۇ مىسرادا، بايلار خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدىن چىقماي، دېمەكچى.
⑤ باڭلاسۇن ــ باھالىسۇن.
⑥ بىڭلاسۇن ــ مەلۇم قىلسۇن.
⑦ بۇللا ــ ئادەم ئىسمى.
⑧ ئىنجۇ ــ ئىنژىنېر.
⑨ ئاقمۇناق ــ ئادەم ئىسمى.

شەنجاڭ دارىن يۇرۇيدۇ،
ئارتقىنى ئىچى بىلەن.
بۇللا شاڭيۇ يۇرگۇدەك،
كارى يوق كىشى بىلەن.
ئاياقچىغا① سۇ تاتتۇق،
دىلدىرام① ئىزى بىلەن.

ئاياقچىغا سۇ تاتتۇق،
دىلدىرامدا بارسۇن دەپ.
بىر كۈن تۇرۇپ خۇي ئاچتى،
ئەر هاشارچى كەلسۇن دەپ.
خاندىن كەپتۇ گۇڭسى②خەت،
دەريانى چات③ كۆمسۇن دەپ.

كەتمەننى تېز چاپىڭلار،
يىلنى ۋاقتى يېتىپتۇ.
ماشيەنجاڭمۇ④ بىلمەپتۇ،
لايسۇلۇقلار كېتىپتۇ.
تۇردى مازما باش بولۇپ،
ئۇزۇن ياسىق ئېتىپتۇ.

ياندۇرۇدۇ، چاپتۇرۇدۇ،
تۇردى مازما ياراتماي.
ئۆيگە يانىپ بارغاندا،
ماشيەنجاڭغا قاراتماي.
قاچقانلارنى قويمايدۇ،
زىندانىغا سولاتماي.

ئارتقىنى ئىچى بىلەن
مارايدۇ ئۇننى تىڭلاپ.
بىر كۈن ئاچ قېلىپ ياتتۇق،
شايار ليەڭنى جىڭلاپ.

شايار ليەڭى بەردۇق دەپ،
كەتتىمۇ خانغا بىڭلاپ.

شايار ليەڭى كەلدى دەپ،
بۇللا شاڭيو گوللاپتۇ.
ئاياقچى دېگەن يەردە،
باللار ئاچ، تۇنەپتۇ.
ئاجىزلار چارىسىنى
توختى مىراپ كۆرمەپتۇ.

شاياردىن كەلگەن ئۇنلار،
بىر چاڭگالدىن يەتمەيدۇ.
قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن
قاچىپ كەتسە كەتمەيدۇ.
بۇ يەردىن ماڭغان كۈنۈ
يىراق ئۇزاپ كەتمەيدۇ.

بۇ يەردىن ماڭغان كۈنۈ،
چۆلقۇدۇقا يەتكەندۇ.
بۇ زۇلۇمنى دەستىدىن،
ئۆيگە قاچىپ كەتكەندۇ.
گۆدەك باللا بىلمەيدۇ،
ئىككىسى بىر دەردمەندۇ.

ئالدىمدا ماڭىپ كەتتى،
غودايى بىلەن سالدامچى.
ئادەم ئاتمىش دەپ ئۆتتى،
جىگدە باشلام يالغانچى.
ئېشەك باققان باللار،
ئوغۇرلاپتۇ ئاغامچى.

ئاغامچىنى ساتىپتۇ،
ئىشەك باققان باللار.

ئۇنى كىشى ئاڭلاسا،
تاشا كەنتلىك تاۋىلار⑤
قارا قاسىم دېدى، دەپ
ئارام بەرمەي قاۋىلار⑥.

ئارام بەرمەي قاۋىلار،
بىزنى بەنجاڭ قاسىمنى.
بۇ يەردە كىم بىلىپتۇ،
ئالىپ كەتسەم باشىمنى.
بارغاندا بىز قىلارمىز،
رەھمەت تىلەپ تازىمنى.

نەچچە رەھمەت تازىمنى
قاچانغا ئۇنۇتالى.
ئاچالنى چات توسۇۋالىپ،
زەيلىكنى قۇرۇتالى.
دىلدىرام ئىزى بىلەن
سۇنۇ ئاياق تاتالى.

بىزگە هاشار چاپقۇزدى،
سۇنۇ جىق كېلەدۇ، دەپ.
ئوسا قىلىپ تېرىسا،
ئاشنى جىق بېرەدۇ، دەپ.
بىز خۇداغا يىغلايمىز،
باللارغا نان تىلەپ.

سۇنۇ باشلاپ كەلگىچە،
ئاقتى كۆپ ياش، تەرىمىز.
ئوسا بولار باي يېرى،
نەدە بىزنىڭ يېرىمىز.
بايغا بولدۇ پايدامىز،
بىزگە قالدى جەۋرىمىز.

(توپلاپ رەتلىگۈچى بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئارامغا چىققان)

① ئاياقچى، دىلدىرام ــ يەر ـ جاي نامى.
② گۇڭسى ــ (خەنزۇچە) ئالاقە.
③ چات ــ توغرىسىغا.
④ ماشيەنجاڭ ــ ماۋت شيەنجاڭ.
⑤ تاۋاش ــ ئەيىبلەش، مەسخىرە قىلىش.
⑥ قاۋاش ــ تىللاش، هاقارەتلەش.

# ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىدىن

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇلئەزىز مەسۇم لاۋارى

قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە ناھىيە بازىرىدىن سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاراقلىق ئىچىدە «قارىمىش» دەپ ئاتالغان بىر ئېدىرلىق بار، ئۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئۇچار يېزىسىنىڭ «قاغۇي» دەپ ئاتالغان بىر كەنتى بار. ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان قارىمىش دېگەن جاي ھەققىدە «خىمانى كور»، «نەئمانى كور» دېگەنلەرنىڭ تىلسىم قىلىنغان شەھىرى، دېگەندەك رىۋايەتلەر ۋە قاغۇينىڭ ئەسلىي ئىسمى «قارىغۇ ئۇي» دېگەن ئىسىمدىن كەلگەن دېگەنگە ئوخشاش رىۋايەتلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ كەلگەن.

بۈگۈنكى كۈندە «قارىمىش» دېگەن جاي ھازىرقى ياشلار ئامبىرىنى ياساش جەريانىدا ئامبار دائىرىسىگە ئېلىنىپ ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر يەنىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## «قارمىش» تىلسىمات شەھىرى ھەققىدە رىۋايەت

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى قەدىمكى شەھەرلەردىن بىرى بولغان يېڭىساردا بىر ياش يىگىت جاھان كۆرۈش ئىستىكى بىلەن سەپەرنى ئىختىيار قىلىپ قاپتۇ. ئۇ خاسىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەۋەككۈل قىلىپ كارۋانلارغا ئەگىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. كۈنلەپ ـ ئايلاپ يول مېڭىپ تارىم ۋادىسىنى كەينىدە قالدۇرۇپ باشقا بىر ئەلگە بېرىپ قاپتۇ. يىگىت ئۇ ئەلنىڭ ئاۋات شەھەرلىرىنى ئارىلاپ مېڭىپ، بىر چوڭ شەھەرنىڭ ئادەملەر تازا توپلاشقان ئاۋات بىر جايىغا بېرىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا چوڭ بىر مەيداندا كاتتا بايرام بولۇۋاتقۇدەك.

يىگىت بازار ئارىلاپ يۈرۈپ ھېرىپ ـ چارچاپتۇ. شۇڭا، ئۇ ئارام ئېلىپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بازارنىڭ چېتىدىكى بىر چايخانىغا كىرىپتۇ. يىگىت چايخانا خوجايىنىغا ئۇسسۇزلۇق بېرىشنى ئېيتىپتۇ. ناتونۇش بولغان باشقا بىر تىلدا گەپ قىلىۋاتقان بۇ يىگىتنىڭ باشقا مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى ھەم چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن چايخانا خوجايىنى يىگىتكە دەررۇ بىر ئاپقۇر مۇزدەك سوغۇق چاي ئەپچىقىپ بېرىپتۇ.

يىگىت چاي ئىچىپ ئولتۇرۇشىغا، يېنىغا قېرىلىقتىن چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، بەللىرى يادەك ئېگىلگەن، كۆزىنىڭ ئۈستۈنكى قاپاقلىرى قېرىلىق تۈپەيلىدىن ساڭگىلاپ قالغان ئىككى بوۋاي كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، ھېلىقى بوۋايلاردىن بىرى مۇساپىر

uyghurkitap.com



يىگىتتىن سوراپتۇ:

ـــ ئەي يىگىت، قەيەرلىكسەن ؟

ـــ خاقانىيەدىن.

ـــ خاقانىيەنىڭ قايسى يېرىدىن؟

ـــ يېڭىساردىن.

«يېڭىسار» دېگەن نامنى ئاڭلاش بىلەن هېلىقى ئىككى بوۋاينىڭ كۆز جىيەكلىرى لىپىلداپ، كالپۇكلىرى تىترەپ كېتىپتۇ، ھەم يىگىت بىلەن يېڭىۋاشتىن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللىشىپتۇ ھەمدە بۇ ياقلارغا قانداق بولۇپ كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ.

ـــ تەقدىر مېنى مۇشۇ كويلارغا سالدى، ـــ دەپتۇ يىگىت جاۋاب بېرىپ، ـــ يۇرت كۆرۈش ھەۋىسى بىلەن كېلىپ قالدىم.

ـــ ئۇنداق بولسا، ـــ دەپتۇ بوۋايلاردىن بىرى، ـــ يىگىت، ئۆز يۇرتۇڭغا قايتىپ بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالامسەن؟ ئەجرىڭگە كۆپ ھەق بېرىمىز. رازىمۇ سەن؟ ـــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يىگىت ئىككىلەنگەن ھالدا:

ـــ بارسام باراي، لېكىن قانداق خىزمەت قىلىمەن، قېنى ئاڭلاپ باقاي، ـــ دەپتۇ.

ـــ يىگىت، كۆز ئالدىڭدا تۇرغان بۇ ئىككىمىز مۇندىن خېلى يىللار ئىلگىرى، سېنىڭ يۇرتۇڭغا تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بارغان ھەم شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغانىدۇق. شۇ سەۋەبتىن سېنىڭ يۇرتۇڭنى ئوبدان بىلىمىز. سەن ئۆز يۇرتۇڭغا بېرىپ شەھەر ئىچىدىن كۈن پېتىش تەرەپكە، يەنى قاراق بويلاپ بىر ئاش پىشىم ماڭساڭ دەشتى كۆلگە چىقىسەن. دەشتى كۆلنى بويلاپ سەل ماڭساڭ قارىمىش دېگەن بىر يەر بار. ئۇ تىلسىم قىلىنغان جاي، سەن تازا چىڭقى چۈش مەزگىلىدە چىققىن. ھازىر قارىمىش دەپ ئاتىلىۋاتقان يەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، كۈن پېتىش تەرەپكە قاراپ قىرىق قەدەم ماڭساڭ ئالدىڭغا بىر پەستە كۆچۈك قاۋىغان پەيتى يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. قورقما، ئالدىڭغا قاراپ دادىل ھالدا مېڭىۋەر، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن كۈچۈك قاتتىق قاۋاپ غايىب بولۇشى بىلەن تەڭ كۆز ئالدىڭدا بىر دەرۋازا پەيدا بولىدۇ. سەن قورقماي، ئىككى يانغا قارىماي ئۇدۇل مېڭىۋەر، دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن كۆز ئالدىڭدا بىر كاتتا شەھەر پەيدا بولىدۇ. ئالدىڭغا قاراپ ماڭساڭ ئىشىكى ھەم ئېتىكلىك بىر ئۆي كۆرۈنىدۇ. ئۆيگە كىرىپ قارىساڭ كۈن چىقىشتىكى تام تەرەپتە بىر تەكچە بار. تەكچە ئۈستىدە بىر كىچىك ساندۇقچە بار. ساندۇق ئاغزى مۆھۈرلەنگەنلىك، ئاۋايلاپ ئاچساڭ، ئىچىدىن بىر شىشە چىقىدۇ. مانا شۇ شىشىدىكى دورىنى ئېلىپ ئاللاغا سېغىنىپ، كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئوڭ پۇتۇڭنى بوسۇغىدىن ئالساڭ، ئۆزۈڭنى ئوچۇق دالادا كۆرىسەن. ئۆيۈڭگىمۇ كىرمەي ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەي، ھىممەت كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ شىشىنى ساق ـ سالامەت مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلسەڭ، ئۆمرۈڭ بويى يېتىپ يېسەڭمۇ تۈگىمىگۈدەك ھەق بېرىمىز. مانا بۇ بىر ھەميان ئالتۇن ئۇ يەرگە بېرىپ كەلگۈچە سېنىڭ خىراجىتىڭگە يېتىدۇ، ـــ دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يىگىت رازىلىق بىلدۈرۈپ، ياخشى كۈندىن بىرىنى تاللاپ، خاقانىيە تەرەپكە ماڭغان سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ ئۆز يۇرتى تەرەپكە قايتىپتۇ. سودا كارۋانلىرى كۈنلەر ـ ئايلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، پايانسىز دەشتى چۆللەرنى ئارىلاپ مېڭىپ، ئاخىر ئۆز يۇرتى يېڭىسارغا يېتىپ كەپتۇ. ئاتا ـ ئانا، يارۇ ـ بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، بېشىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلىرىنى سۆزلىشىپتۇ.

يىگىت سەپەر ھاردۇقى چىققاندىن كېيىن، دەشتى كۆل تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. دەشتى كۆل تەرەپتىن ئايرىلىپ «خىمانى كور»، «نەئىمانى كور»نىڭ تىلسىمات شەھىرى قارىمىشقا كەپتۇ.

يىگىت ھېلىقى بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ، تازا چىڭقى چۈش مەزگىلىدە كۈن پېتىش تەرەپكە قاراپ قىرىق قەدەم مېڭىپتۇ. دېگەندەك، قاپقارا بىر پەستە كۈچۈك قاۋىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەپتۇ. ئۇ قىلچە قورقماي، ئىسمى ئەزەمنى دىلىدا زىكىر قىلىپ، ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. توساتتىن كۈچۈك قاتتىق بىر قاۋاپ غايىب بوپتۇ. شۇئان يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا يوغان بىر دەرۋازا نامايان بوپتۇ. يىگىت دادىللىق بىلەن دەرۋازىدىن پۈتىنى ئېلىشىغا، كۆزىگە كاتتا بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. بىراق بۇ شەھەردە ئادىمىزاتتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىكەن. يىگىت ئالدىغا قاراپ مېڭىپ بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ.

ئۆي ئىچى زۇلمەتتەك قاپقاراڭغۇ بولۇپ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماپتۇ. يىگىتنى سۈر بېسىپ تەرلەپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا ئۆيگە يورۇق چۈشۈپتۇ. يىگىت ئۆي ئىچىگە سەپسېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆينىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بىر تەكچە، تەكچە ئۈستىدە بىر ساندۇقچە تۇرغۇدەك. ساندۇقنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. قارىسا ساندۇق ئىچىدە بىر شىشە تۇرغۇدەك. يىگىت خۇشاللىقىدىن شىشىنى چىڭ تۇتقان پېتى «بىسمىللا» دەپ ئىشىكتىن ئوڭ پۈتىنى ئېلىشىغا شەھەر، ئۆي ھەممە چوڭ دەرۋازا دېگەنلەر بىراقلا غايىب بوپتۇ. ئۆزى قارىمىش چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇدەك. بۇ ئاجايىباتلارغا ھەيران بولغان يىگىت ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، شەھەر ئىچىگىمۇ كىرمەي، ھېلىقى ئىككى بوۋاي قالغان شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ. خاقانىيەدىن ئاشۇ ئەلگە ماڭغان سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ مېڭىپ ئۈچ ئاي بولاي دېگەندە ھېلىقى شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ.

يىگىت شەھەر ئىچىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، تەسلىكتە ھېلىقى چايخانىنى تېپىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى ئىككى بوۋاي چايخانا ئالدىدىكى سۇپىدا يىگىتنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغۇدەك.

يىگىت ئۇدۇل بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە شىشىنى ئۇلارغا بېرىپتۇ. بۇ ئىككى بوۋاي شىشىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ يىگىتكە قاراپ مەمنۇنلۇق بىلەن باش لىڭشىتىپ قويۇپ، چايخانا ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىت بولسا چايخانا ئالدىدا ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، چايخانا ئىچىدىن يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى ئىككى نەۋقىران يىگىت چىقىپ، يىگىتنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما يىگىت ئۇلارغا ئانچە دىققەت قىلماي، چايخانا ئىشىكىگە قاراپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. خېلى ئولتۇرغان بولسىمۇ ھېلىقى ئىككى بوۋايدىن ئەسەر بولماپتۇ. يىگىتنىڭ تاقىتى تاق بوپتۇ. ھېچ بولمىغاندا ئۆزى شۇنچە يىراق بىر جايدىن مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتتە ئېلىپ كەلگەن شىشىنىڭ ئىچىدىكى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكىگە، ئىككى بوۋاينىڭ ئۇستاتلىق قىلىپ ئىز - دېرەكسىز يوقالغىنىغا قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ.

يىگىت ئەتراپىغا قارىسا ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان ھېلىقى ئىككى ياش يىگىتتىن باشقا ھەممە كىشى ئۆز يولى، ئۆز ئىشى بىلەن بەنت ئىكەن. ئىككىسى بولسا يىگىتنىڭ ھەر بىر ئىش - ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان ئىكەن.

يىگىت چايخانىغا كىرمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، يىگىتلەردىن بىرى ئېغىز ئېچىپتۇ:

— يىگىت، نەگە بارسەن؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن ھەيران بولغان يىگىت گەپ قىلغان يىگىتكە قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ.

— ئاڭلا، يىگىت، تاقەتسىزلەنمە، ھېلىقى ئىككى بوۋاي مانا بىز بولىمىز. شۇنى بىلگىنكى، سەن يۇرتۇڭدىكى تىلسىم قىلىنغان قارىمىش


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەھىرىدىن ئېلىپ كەلگەن شىشىدىكى دورا قىرلارنى ياشارتىدىغان خاسىيەتلىك دورىدۇر. سىنىڭ ياردىمىڭ ۋە دورىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ياشلىقىمىزغا ياندۇق. بىز سەندىن چەكسىز مىننەتدارمىز. مۇنۇ ئىككى ھەميان ئالتۇن سىنىڭ تاپان ھەققىڭ بولۇپ قالسۇن. قايتىپ كەتكۈچە خىراجەت قىلارسەن، بىز ساڭا ئۆمۈر بويى يېتىپ يېسەڭمۇ تۈگىمىگۈدەك ھەق بېرىمىز دېگەن ئىدۇق. ۋەدىگە ۋاپا قىلماق ياخشىلارنىڭ ئىشىدۇر. بىراق، ھازىر ئىككى ھەميان ئالتۇندىن كۆپ نەرسە بەرسەكمۇ ئېلىپ كېتەلمەيسەن. سەن ئۆز يۇرتۇڭغا ساق - سالامەت بارغاندىن كېيىن، ھېلىقى دەشتى كۆل تەرەپكە بارغىن. دەشتى كۆل تەرەپتىن كۈن پېتىش تەرەپتىكى يۇرتنى كۆزلەپ بىر ئاز ماڭساڭ ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك چۆللۈك ئۇچرايدۇ. بۇ يەرلەر ئەلۋەتتە ساڭا تونۇشلۇق، چۆللۈكنىڭ چېتىدە بىر دۆڭ بار. ئاشۇ دۆڭنى كولىساڭ ئاستىدىن ئەللىك پاتمان ئېغىرلىقتا بىر قارا تاش چىقىدۇ. بىر ئامال قىلىپ بۇ تاشنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ بېرىپ چاقساڭ ئىچىدىن ئۇيۇل ئالتۇن چىقىدۇ. مانا شۇ ئالتۇن بىز ساڭا ۋەدە قىلغان ھەق. خەير، رازى بول! — دەپتۇ - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككىسى ئىككى تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ.

يىگىت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيرانۇ - ھەس بوپتۇ. ئۆزى ئېلىپ كەلگەن شىشىدىكى دورىنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدىكى سۆزلەر قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندەك بوپتۇ. يۇرتىدا قالغان ياشانغان دادىسى ۋە ئانىسى كۆزىگە كۆرۈنگەندەك، «بالام، شۇ خاسىيەتلىك دورا بىلەن بىزنى ياشارتقىن، نەۋقىرانلىقىمىزغا قايتۇر» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپتۇ. يىگىت بىر ئازدىن كېيىن ھوشىنى يىغىپ ئەتراپىغا قاراپ كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى، بىرەر قونالغۇ تېپىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىپتۇ. سارايلاردىن بىرىگە چۈشۈپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىپتۇ. ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىنى تاللاپ سودا كارۋانلىرى بىلەن بىللە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. يىگىت ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ سۆزى بويىچە ئۆمۈر بويى يېتىپ يېسىمۇ تۈگىمىگۈدەك ۋەجگە ئېرىشىش تاماسىدا، ئۆيىدىكى بىردىنبىر ئۇينى يار - يار ھارۋىسىغا قېتىپ، ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى چۆللۈككە يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا راستتىنلا يولنىڭ چېتىدە بىر دۆڭ تۇرغۇدەك. يىگىت پۈتۈن كۈچى بىلەن دۆڭنى كولاپتۇ. دېگەندەك تۇپا ئىچىدە چوڭ بىر قارا تاش تۇرغۇدەك، يىگىت مىڭ بىر جاپادا ھېلىقى تاشنى دومىلىتىپ ھارۋىغا ئالغۇچە تاش ئۇينى بېسىۋېلىپ، ئۇينىڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ يىگىت مىڭ بىر جاپادا ئۇينى ھارۋىغا قېتىپ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ ھېلىقى قارا تاشنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، بازغان بىلەن ئۇرۇپ چېقىپتۇ. گويا بۇلۇت ئارىسىدىن قۇياش كۆرۈنگەندەك، تاش ئارىسىدىن ۋاللىدە قىلىپ ئاتىنىڭ بېشىدەك ئالتۇن چىقىپتۇ. يىگىت بۇ ئالتۇننىڭ خۇشلۇقىدىن قارىغۇ ئۇينى تاش چىققان يەرگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈپ ئاللا يولىدا نەزىر قىلىپ قان ئېقىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، قارىغۇ ئۇي ئۆلتۈرۈلگەن يەرنىڭ نامى «قارىغۇ ئۇي» دەپ ئاتىلىپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قارىغۇ ئۇي دېگەن نامدىكى «ر» ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ، قاغۇي دەپ ئاتىلىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇرېھىم قارى
(توپلاپ رەتلىگۈچى يېڭىسار ناھىيە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# ئۆزھال مۇقامى بەشىنچى داستان



قادىر ئىللاھ، ئۆلەر بولدۇم بۇ غەمدە،
مەن نەيلەيمەن تۇرار مەكان بولماسا،
شۇم پەلەكتىن يەتكەن قايغۇ ئەلەمدە،
مەن نەيلەيمەن بىر مېھرىبان بولماسا.

ۋەھەكى، كۆڭلۈم بولدى جانانغا بەندە،
قىينالادۇر ئەزىز جانىم بۇ تەندە،
بۇ چۆللەردە غېرىپ بولدۇم شەرمەندە،
يېتەلمەسمەن يارغا ئىمكان بولماسا.

غېرىپ يۈرۈر ھەمراھ گۈليۈزلۈك يارىن،
ئاختارىپ كېزەرلەر دۇنيانىڭ بارىن،
ھىجران ئالدى ئۇنىڭ سەبرۇ قارارىن،
مەن نەيلەيمەن ئارامى جان بولماسا.

ھۆرلىقا-ھەمراجان داستانىدىن

ئابلىمىت ئوسمان يازغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يالماۋۇزنى يوقىتىش (مايبوياق) — پەرھات ئىبراھىم سىزغان


# بۇلاق

# 源 泉 (布拉克)

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 124 - سان

(维 吾 尔 文)　总124期

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

主编:阿布来提·伊明　副主编: 买买提吐尔地

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژورنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58　باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:7.50元
广告经营许可证号:6500006000043